بسم الله الرحمن الرحيم

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرلى

# قۇرئاندىكى سىياسىي ئىسلاھات پرىنسىپلىرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

ئابدۇراهمان جامال كاشغەري

**A.Cemal Kaşgarlı**

# قۇرئاندىكى سىياسىي ئىسلاھات پرىنسىپلىرى

(Kur'an'daki Siyasi Reform İlkeleri)

1 - نەشرى

2019 - يىل فېۋرال

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلدى

تۈركىيە - ئىستانبۇل

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ................................................ 007

بىرىنچى بۆلۈم

سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ مەنىسى ................................ 015

1. ئىسلاھ قىلىش ................................ 015

2. سىياسەتنىڭ مەنىسى ................................ 016

3. سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى ................................ 017

سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ................................ 018

بىرىنچى: ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش ................................ 018

ئىككىنچى: سىياسىي ئىسلاھات ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە باغلىق ................................ 020

ئىسلاھات مەيدانلىرى ................................ 022

1. ئەقىدە ئىسلاھاتى ................................ 023

2. سىياسىي ئىسلاھات ................................ 024

3. ئىقتىسادىي ئىسلاھات ................................ 025

4. ئىلمىي ئىسلاھات ................................ 026

5. ئىجتىمائىي ئىسلاھات ................................ 027

## ئىككىنچى بۆلۈم

**ئىسلام ۋە سىياسىي تۈزۈم چۈشەنچىسى**..................................029
1. ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى..................................029
2. ئىسلامدىكى دۆلەت شەرىئەتنى مەنبە قىلغان مەدەنىي دۆلەت..................................032
3. قاتماللىق ۋە تەرەققىيات ئارىسىدىكى شەرئى سىياسەت....033
4. شەرئى سىياسەتتىكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە ۋاستە ئۇقۇمى..................................035

## ئۈچىنچى بۆلۈم

**سىياسەتنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپ ۋە ئاساسلىرى**..................................040
**ھاكىمىيەت ئۇقۇمى ۋە تۈرلىرى**..................................044
1. ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنىڭ ماھىيىتى..................................044
2. ھاكىمىيەتنىڭ تۈرلىرى..................................044
3. شەرىئەت ھەر زامان تەتبىقلاشقا يارايدۇ..................................048
4. شەرئى ھاكىمىيەتنى تەتبىقلاش پەرز..................................050
5. شەرئى ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسلىرى..................................056
**ئادالەت تىكلەش**..................................060
**باراۋەرلىك**..................................065
**كېڭەش قىلىش**..................................069
1. كېڭەش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى..................................070
2. كېڭەش قىلىش پەرز..................................071

3. كېڭەشتە كۆپ سانلىقنىڭ كۆز ـ قارىشىنى ئېلىش مەسىلىسى........................................................074

**ئەركىنلىك**........................................................076

1. پىكىر ۋە ئەقىلنى نادانلىق ۋە تەقلىدچىلىكتىن ئازاد قىلىش........................................................077

2. ئەقىدە ئەركىنلىكى ........................................................078

3. ئىبادەت ئەركىنلىكى........................................................079

4. پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى........................................................081

5. تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىش ئەركىنلىكى ..............082

6. ئەركىنلىك دائىرىسى ........................................................084

7. شەرىئەت ئالدىنقى ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى ئەركىنلىكمۇ؟ .085

## مۇسۇلمانلار بىرلىكى

1. قۇرئان بىرلىككە تەشەببۇس قىلغان ..........................087

2. بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى هارام قىلغان .....088

3. ئۈممەت بىرلىكى ........................................................091

4. ئۈممەت ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدۇر ..............093

5. قېرىنداشلىق ........................................................094

**سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىش** ..............096

1. سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى..............096

2. ئۈممەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇش ئامىللىرى ......099

3. مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىش ۋە كۈچلىنىش ئامىللىرى........................................................104

## تۆتىنچى بۆلۈم

**ھاكىم بىلەن خەلقنىڭ ئالاقىسى ۋە ئۆز - ئارا مەسئۇلىيەتلىرى** ......... **114**
1. سىياسىي ئىسلاھاتتا ھاكىمنىڭ رولى ........................ **115**
2. ھاكىم ۋە خەلقنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى ......................... **119**

## بەشىنچى بۆلۈم

**تاشقى سىياسەتتىكى ئىسلاھات**................................................ **127**
تىنچ ھالەتتىكى تاشقى سىياسىي ئىسلاھات ............... **127**
1. مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلار ............................................ **128**
2. تىنچ ھالەتتىكى تاشقى سىياسىي ئىسلاھات ................ **131**
3. مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن ئەسلى ئالاقىسى دەۋەت ۋە تىنچلىق ................................................................. **132**
4. باشقىلار بىلەن چىرايلىق ئۆتۈش ئالاقىسى.................. **138**
5. كېلىشىم ۋە شەرتنامىلەرگە رىئايە قىلىش ............... **142**
**جەڭ ھالىتىدىكى تاشقى سىياسىي ئىسلاھات**............................ **144**
1. دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ۋە ھەزەر قىلىش ................................................................ **145**
2. ھەزەر قىلىش ۋە ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش ....................... **146**
3. مەنىۋىي روھنى كۆتۈرۈش.............................................. **149**
**ھەربىي سىياسەتتىكى ئىسلاھات قائىدىلىرى** ...................................... **151**
1. تاجاۋۇزچىلىققا رەددىيە بېرىش ۋە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش............................................................................ **152**

2. دىننى ھىمايە قىلىش ۋە بوزەك قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........................................................ 155
3. قۇرئاندىكى جىھاد ياكى جەڭ قىلىش غايىلىرى ........... 157
تەۋبە سۈرىسى كاپىرلارنى ئۈچ تۈرگە بۆلگەن ................................. 162
4. تىنچ ياشاۋاتقانلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرا ئەمەس ........ 165
5. جىزيە مەسىلىسى ......................................................... 167

## ئالتىنچى بۆلۈم

**سىياسىي ئىسلاھات يولىدىكى توسالغۇلار** ....................................... 170
ھاكىملار ۋە بۇزغۇنچىلارغا ئالاقىدار توسالغۇلار ................. 170
1. مەنسەپنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەش ...................... 170
2. مۇستەبىتلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ............................................ 171
خەلققە مۇناسىۋەتلىك توسالغۇلار ........................................ 172
1. دۈشمەن ۋە بۇزغۇنچىلاردىن قورقۇش.............................. 172
2. كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئېسىلىۋېلىش............................ 174
3. پەرۋاسىزلىق ۋە خورلۇقنىڭ داۋام قىلىشى ........................ 175
4. تەمەخورلۇق ........................................................... 177

# مۇقەددىمە

قۇرئان كەرىم ئەسىرلەر بويى ھېچ ئۆزگەرمىگەن ۋە سالاھىيىتىنى يوقاتمىغان ئىلاھىي دەستۇر بولۇپ، ئىنسان مۇھتاج بولىدىغان بارلىق تۈزۈم ۋە كۆرسەتمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتابتۇر. بۇ كىتابتا ئىنسان ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىدىغان، دۆلەتنى ئىدارە قىلىدىغان ۋە سىياسەتلىرىنى سىزىپ بېرىدىغان كۆرسەتمىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

ماددىي تەرەققىيات، ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋە ئۇنىڭغا تەۋە ئىشلار ئىنسانىنىڭ ئىسلاھ بولۇشىغا باغلىقتۇر، شۇڭا ئىسلاھ قىلىش ئىنساندىن باشلىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ نەپسى بۇزۇلسا، ھەممە نەرسە بۇزۇلىدۇ، ئىنسانىنىڭ نەپسى تۈزۈلسە ھەممە نەرسە تۈزۈلىدۇ.

پەيغەمبەرلەر ئىنساننى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق سىياسىي ئىسلاھاتنى ئۈزمەي ئېلىپ بارغان، ساھابىلەر ۋە ئىسلاھاتچىلار ئۇلارنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ۋە ئىسلاھاتنى ھەر تەرەپلىمە تەتبىقلىغان. ئۇلار دەسلەپتە ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنى ئادالەت ۋە باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇپ چىققان. نەتىجىدە ئۇلار ئىسلاھات مېۋىسىگە ئېرىشىپ، قۇرئان كۆرسەتمىسى ۋە سىياسىي خەرىتىسى ئاساسىدا مەدەنىيەت ۋە دۆلەت قۇرۇپ چىققان.

قۇرئان كەرىم ئىنساننى ھەر قايسى جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىلاھىي كىتابتۇر. ئىسلاھ قىلىش بارلىق

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ كىملىكى ۋە ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتىدۇر. ئىسلامدا سىياسەت ياكى ئىدارە قىلىش دېمەك ئىسلاھ قىلىش ۋە ياخشى ئىش قىلىش دېمەكتۇر. شۇنداق ئىكەن ئىسلاھ قىلىش سىياسەتتۇر، ئىسلاھ قىلىش قۇرئاننىڭ تېمىسى ۋە پىرىنسىپىدۇر.

قۇرئان كەرىم تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىسلاھات ئومۇمىي بولۇپ ئەقىدە، ئەخلاق، ئادالەت، ئەركىنلىك، كېڭەش، جەمئىيەت تۈزۈمى، مەدەنىيەت، سانائەت ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ماددى ـ مەنىۋى تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ يەردە ئاساسەن سىياسىي ئىسلاھات ھەققىدە توختىلىمىز.

قۇرئان كەرىم كۆرسەتمىسى ئاساسىدىكى سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئەلۋەتتە ياخشى نەتىجىلىرى مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ ئىسلاھاتنىڭ تەسىرى ئىنسان، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. قۇرئان ئىسلاھات پرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسلىرى ۋۇجۇتقا چىقسا ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە ۋەدە قىلغان ئامانلىق، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، ئىززەتلىك ھايات، ئەركىنلىك، مۇقىملىق، گۈللىنىش، پاراۋانلىق، بەخت ـ سائادەت، دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ۋە ھەر قايسى جەھەتلەردە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشتىكى ۋەدىسى رېئاللىققا ئاشىدۇ. بۇ گۈزەل نەتىجىلەر ئەلۋەتتە سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيىتىگە باغلىقتۇر.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ پرىنسىپ ۋە ئاساسلىرىنى شۇنداق ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ بەرگەن، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلاھات پرىنسىپلىرى تارماق مەسىلىلەرگە قارىتىلمىغان، بەلكى بۇزغۇنچىلىقنى يۇلۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلغار ھەل قىلىش چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان

پرىنسىپال كۆرسەتمىلەر، يەكسەك مەقسەتلەر ۋە ئاساسلىق قائىدىلەر ئاساسىدا يولغا قويۇلغان. قۇرئان كەرىم سىياسىي مەسىلىلەرنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تارماق مەسىلىلىرىنى ياكى يېڭىدىن يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى قابىلىيەتلىك ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئىزدىنىشكە تاپشۇرغان. سىياسىي ئىشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ شارائىتقا ئۇيغۇن ئىجتىھاد قىلىش ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم سىياسىي پرىنسىپلارنىڭ مەقسەتلىرىنى بايان قىلغان، دەۋرگە قارىتا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ۋاستە ـ چارىلەرنى شەرىئەتنىڭ روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئەقىلگە تاپشۇرغان.

سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى ئىسلامنىڭ سىياسىي ئۇقۇمىدا ياكى ئىسلام دۆلىتىدە نامايان بولىدۇ. ئىسلام دۆلىتى دېگەن: ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان، ئىسلامنىڭ قانۇنلىرىنى تەتبىقلايدىغان ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشچان تەلەپلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان دۆلەتتىن ئىبارەت.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ياكى ئىسلام دۆلىتىدىكى ئىچكى سىياسىي ئىسلاھات ھاكىم بىلەن مەھكۇمنىڭ ئارىسىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت ئاساسىدا ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئىنتىزامغا سالىدۇ. تاشقى سىياسىي ئىسلاھاتتا ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئارزۇ قىلىۋاتقان ئۈمىدىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. دۇنيادا تاجاۋۇز قىلغۇچىلاردىن باشقىلار بىلەن ياخشىلىق، تىنچلىق ۋە چىقىشىپ ياشاش ئۈچۈن ھەقىقىي تىنچلىقنى قانات يايدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا تاجاۋۇز قىلىش نىيىتى

بار دۈشمەنلەرگە رەددىيە بېرىشكە يەتكۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋەتنى تولۇقلاپ بېرىدۇ، شۇنداقلا سىياسىي ئىسلاھات ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئادالەت، ئامانلىق ۋە مۇقىملىقتا ئۈرنەك بولغىدەك ئىسلاھات مېتودىنى سىزىپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ سىياسىي ئىسلاھات پرىنسىپلىرىنى تۇتۇپ ماڭغان دۆلەتلەر دۇنيادا خاتىرجەملىك، ئېسىل ھايات، گۈللىنىش، تەرەققى قىلىش، كۈچلىنىش ۋە پاراۋانلىق غەلىبىسىگە ئېرىشىدۇ، ئاخىرەتتە تۈگىمەس نېمەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ كۆرسەتمىلەرگە كۆڭۈل بۆلمىگەن ياكى ئەمەل قىلمىغان دۆلەتلەر ياكى مىللەتلەر ماددى جەھەتتىن بىر ئاز ئىلگىرلىگەندەك قىلسىمۇ بەختسىزلىك، خاتىرجەمسىزلىك، ئادالەتسىزلىك ۋە خورلۇققا دۇچ كېلىدۇ.

سىياسىي ئىسلاھات تېمىسىدا ئىسلامنىڭ سىياسىي ئۇقۇمى بىلەن ئىسلامنىڭ سىياسىي تارىخىنى توغرا چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ توغرىدا بىر ئاز ئىزاھات بېرىشنى مۇناسىپ دەپ قارايمەن.

شەرئى سىياسەت تېمىسىدا «ئىسلامنىڭ سىياسىي ئۇقۇمى» بىلەن «ئىسلامنىڭ سىياسىي تارىخى» نى پەرقلەندۈرۈپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلامنىڭ سىياسىي ئۇقۇمى قۇرئان، سۈننەت ۋە باشقا تارماق دەلىللەردىن ئېلىنىدىغانلىقى ئېنىق بىر مەسىلە. پەقەت قۇرئان ۋە سۈننەت ئىشلارنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىدۇ.

ئەمما ئىسلامنىڭ سىياسىي تارىخىدا يۈز بەرگەن بەزى ئىشلار ئىنسانلارنىڭ سىياسىي قىممەت قاراشلىرىنى رىئاللىققا تەتبىقلاشتىكى

ياكى قىممەت قاراشلارنى ئىش ـ ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى ئىجتىھادى كۆز ـ قاراشلىرىدىن ئىبارەت. ئىجتىھاد بەزىدە توغرا، بەزىدە خاتا چىقىشى مۇمكىن. سىياسىي مەنپەئەتنى ئۆلچەش (بەلگىلەش) ئىجتىھادىي مەسىلە بولۇپ، بەزىدە ئەۋزەللىك ئۇقۇمىغا رىئايە قىلماسلىق سەۋەبلىرىدىن شارائىتنى توغرا مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

شەرئى سىياسەت ياكى ئىسلامنىڭ سىياسىي ئۇقۇمىنى چۈشىنىشتە سىياسىي تارىخقا نەزەر يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، ئەسلى مەنبە بولغان قۇرئان ۋە سۈننەتكە بەكرەك نەزەر يۈرگۈزۈش كېرەك، قۇرئاننىڭ سىياسىي قىممەت قاراشلىرى توغرىسىدا تېخىمۇ ئىزدىنىش لازىم. ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىنى ئېلىپ يەنە بىرسىنى ئالماسلىق چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سۇسلۇق قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىسلامنىڭ سىياسىي تارىخىدا كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەگىششكە تېگىشلىك دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى دەپ قاراش توغرا ئەمەس. ئىسلامنىڭ سىياسىي تارىخىنى قانۇن چىقىرىش، سىياسىي ئەھكاملارنى چۈشىنىش ۋە سىياسەتنىڭ شەكلىنى بەلگىلەشتە دىن سۈپىتىدە ئېتىبارغا ئېلىش توغرا كۆز قاراشتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. سىياسىي تارىخىمىزنىڭ بەزى زامانلىرىدا يۈز بەرگەن سىياسىي مۇستەبىتلىك، كۈچ ئارقىلىق ھوقۇققا چىقىۋېلىش، پىتنە ئۇرۇشى، ئۇممەتنىڭ پىكرىنى ھۆرمەتلىمەسلىك ۋە كېڭەشنى بىكار قىلىۋېتىش دېگەندەك ئەھۋاللار شەرئىيەتنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. بۇ ئىشلارنى قىلغان خەلىپە ياكى سۇلتانلار ئىسلامغا دەلىل بولالمايدۇ، بەلكى ئىسلام بۇلارغا دەلىلدۇر (يەنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن كېلىش ياكى ئۇيغۇن

كەلمەسلىك بىلەن ئۆلچىنىدۇ).

بەزى فۇقاھالار (ئۆلىمالار) نىڭ قورال كۈچى ئىشلىتىپ ھوقۇققا چىقىۋالغان ھاكىمنىڭ ھۆكمىنى ۋە مەجبۇرى بەيئەت ئېلىش مەسىلىسىنى دۇرۇس دەپ پەتىۋا بېرىشى مەنپەئەت بىلەن زىياننى سېلىشتۇرۇش، ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلرەكىنى قوبۇل قىلىش، چوڭ بۇزغۇنچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىچىك بۇزغۇنچىلىقنى قوبۇل قىلىش شارائىتى تۈپەيلىدىن بېرىلگەن پەتىۋالار ئىدى. بەلكىم ئۇلار زالىم ھاكىملارغا قارشى چىقىش بۈيۈك بۇزغۇنچىلىققا سەۋەب بولىدۇ، دېگەن قاراشقا تايانغان بولسا كېرەك. ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ خاس بىر شارائىت سەۋەبىدىن قىلىنغان ئىجتىھادىنى شەرئىتىمىزنىڭ ئەسلى ھۆكۈم ياكى دەلىل ماقامىغا كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئىسلامنىڭ سىياسىي تارىخى ئىبرەت ۋە ساۋاق ئالىدىغان مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇتۇپ مېڭىش ۋە پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى تەمسىل قىلغان بۈيۈك نەتىجىلەر، تەجرىبىلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر بار. شۇنداقلا ئۇنىڭدا ساقلىنىش كېرەك بولغان ۋە ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىن بۇرۇلغان تەرەپلىرىمۇ بار.

ئىسلامنىڭ ئادالەت، كېڭەش قىلىش، ئەركىنلىك ۋە خىزمەتنى لاياقەتلىك بولغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت سىياسىي قىممەت قاراشلىرى سىياسىي پرىنسىپتىكى ئاساسلىق ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئۆلچەم ھاكىملارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە تارىخى تەتبىقلاش ئۆزگىرىشلىرى ئالدىدا ئۆزگەرمەس ھاكىم سانىلىدۇ. تارىخ بىزنى كونترول قىلىۋالسا بولمايدۇ، بەلكى تارىختا ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئىچىدە ھۆكۈم قىلىشىمىز كېرەك،

چۈنكى ئىسلام تارىخى شەرئى دەلىلگە ئوخشاش ئەگىشىش ۋاجىپ بولغان دىن ئەمەس. شۇڭا ئىسلام تارىخىنى ۋەھيىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرى ئاساسىدا ئىلمىي تەنقىد ئىچىدە ئوقۇش، خاتالىق يۈز بەرگەن بولسا ئېتىراپ قىلىپ تۈزىتىش كېرەك.

سىياسىي تۈزۈم بىلەن سىياسىي تارىخ مەسىلىسىنى ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەر زامان پرىنسىپ بىلەن شەخسلەرنى ئايرىپ قاراش مۇھىم، چۈنكى پرىنسىپ ھەر زامان مۇقەددەس ۋە يۈكسەك ئۆرنەكتۇر. شەخسلەر بەزىدە توغرا قىلسا، بەزىدە خاتالىششى مۇمكىن، چۈنكى پەيغەمبەردىن باشقا شەخسلەر مەسۇم (گۇناھتىن خالى) ئەمەس ياكى مۇقەددەس ئەمەس. ھاكىملار شەرىئەتنىڭ پرىنسىپ ۋە مەقسەتلىرىگە يېقىن يول تۇتۇپ ماڭغان بولسا، ئۇلارغا ئۈلگە ئورنىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشىش مۇناسىپ. ئۇلار پرىنسىپ ۋە مەقسەتلەرگە خىزمەت قىلىش يولىدا ۋاسىتىلەرنى ئىجات قىلغان بولسا، بۇ ۋاسىتىلەر ھەر دائىم تەتبىقلاشقا تېگىشلىك دائىرىگە كىرمەيدۇ، چۈنكى سىياسىي مەيداننىڭ ۋاسىتىلىرى دەۋرگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

شۇڭا سىياسىي تارىخنى چۈشىنىش ئۈچۈن پرىنسىپ، ئۈلگە ۋە ۋاسىتىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ قاراش ۋە ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك مۇھىم. ۋەھيى بىلەن تارىخ، دەلىل بىلەن ئىجتىھاد ئارىسىنى ئايرىپ قاراش كېرەك. مەسىلەن، ئىسلامنىڭ سىياسىي تارىخىنى چۈشىنىشتە توغرا يول تۇتقان خەلىپىلەرنىڭ دەۋرىدىكى سىياسىي خىتابقا قارىساق، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ سىياسىي خىتابىدىن ئۈممەتنىڭ ھاكىمنى كۆزىتىش ۋە ھېساب ئېلىش تۇرۇش ھوقۇقىنىڭ بارلىقى ۋە ئۈممەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى

چۈشەنگىلى بولىدۇ (تەپسىر تەبەرى: 8 ـ توم، 503 ـ بەت).

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن مەن بۇ كىتابتا ئاساسلىق قىلىپ قۇرئان كۆرسەتمىسى ئاستىدىكى سىياسىي پرىنسىپلار ۋە سىياسىي ئىسلاھات چۈشەنچىلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختالدىم. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ كالامى ۋە قىيامەتكىچە ھاياتلىقنىڭ دەستۇرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقلى مۆجىزە كىتابىدۇر، بۇ كىتابنىڭ سىرلىرى تۈگەپ قالمايدۇ، شۇڭا قىيامەتكىچە تەپسىر قىلىش توختاپ قالمايدۇ. بۇ كىتاب ھەر دەۋردىكى ئالىملار ئىلمىي ياكى ئەقلىي قابىلىيىتىگە يارىشا تەپسىر قىلىپ يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئېرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدىغان تۈگىمەس بۇلاقتىن ئىبارەت.

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرىي

2018 ـ يىلى 12 ـ ئاي / ئىستانبۇل

## بىرىنچى بۆلۈم

# سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ مەنىسى

### 1. ئىسلاھ قىلىش

ئىسلاھ قىلىش دېگەنلىك توغرا شارائىتقا يېتىش ئۈچۈن شەخس ياكى كوللېكتىپتا بولغان خاتالىق ياكى بۇزغۇنچىلىقنى تۈزىتىش دېگەنلىك بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە «الصلاح» (ياخشى) ۋە «الإصلاح» (ئىسلاھ قىلىش، تۈزىتىش) دېگەن سۆزلەر كەلگەن. «ياخشىلىق» دېگەنلىك بىر ئىنساننىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمما «ئىسلاھ» دېگەنلىك باشقىلارغا مەنپەئەت ۋە تەسىر يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. سالىھ (ياخشى) بولماي تۇرۇپ ئىسلاھ قىلىش باسقۇچىغا يەتكىلى بولمايدۇ، ئۆزىنى تۈزىتەلمىگەن ئىنسان باشقىلارنى تۈزىتەلمەيدۇ. ياخشى بولۇپ، ئىسلاھات بىلەن شۇغۇللانمىغان قەۋم ياكى مىللەت ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنالمايدۇ «پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ئىسلاھ قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ» (ھۇد سۈرىسى 117 ـ ئايەت). ئۇنداقتا مىللەتنىڭ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياخشى بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھات بىلەن شۇغۇللىنىشى لازىم.

ئىسلاھ قىلىش دەسلەپتە ئىنسان نەپسىنى تۈزىتىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شەكىللىنىشكە باشلايدۇ، بارلىق ئىنسانىيەتكە

پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلاھاتىنىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ خەرىتىنى تەتبىقلىغان خەلق زىيان تارتمايدۇ ياكى بەختسىز بولۇپ قالمايدۇ.

## 2. سىياسەتنىڭ مەنىسى

سىياسەت سۆزى رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسىدە كەلگەن: «بەنى ئىسرائىلنى پەيغەمبەرلىرى يېتەكلەيتتى ياكى باشقۇرۇپ ماڭاتتى» (بۇخارى رىۋايىتى).

سىياسەتنىڭ مەنىسى: جەمئىيەتتە تەڭپۇڭلۇق، بىرلىك ۋە خاتىرجەملىكنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوممىي ھاياتنى ئىنتىزامغا سالىدىغان، ھاكىم بىلەن پۇقرا ئارىسىدىكى ئالاقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان ۋە پايدا بىلەن زىياننى سىلىشتۇرىدىغان دائىملىق تەدبىردۇر، شۇنداقلا دۇنيا سەۋىيىسى بويىچە دوستلارنى كۆپەيتىش ۋە دۈشمەننى ئازايتىش ماھارىتىدىن ئىبارەت. (د.ئابدۇلكەرىم بەككار).

قىسقىچە ئېيتقاندا: شەرئى سىياسەت دېگەنلىك شەرئەتنىڭ پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى، ئەھكاملىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ تۇرۇپ جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىدىغان سىياسىي تۈزۈمدۇر.

دېمەك، شەرئى سىياسەت دېگەن ئىبنى ئۇقەيل ھەنبەلى ئىزاھلىغاندەك رەسۇلۇللاھ يولغا قويمىغان ۋە ياكى ۋەھيى ئېلىپ چۈشمىگەن بولسىمۇ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىقتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەردىن ئىبارەتتۇر («ئىئلام مۇۋەققىئىن» ناملىق كىتابنىڭ 4 - تومغا قاراڭ).

## 3. سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى

قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا ساغلام بىر شارائىتتا يېتىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي ھاياتتا ۋە ھاكىم بىلەن پۇقرانىڭ ئالاقىسىدا پەيدا بولغان بۇزغۇنچىلىقنى تۈزىتىش دېگەنلىك بولىدۇ.

سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىي بولغان قۇرئان كەرىم ئىنسانلار بۇزۇپ تاشلىغان نەرسىلەرنى ئىسلاھ قىلىش؛ ئادالەت، كېڭەش، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ئۇقۇملىرىنى مۇستەھكەملەش؛ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلەرنى سىزىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ئىلاھىي بىر كىتابتۇر. بۇ كىتاب ئىسلاھاتچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە ئۆرنەك بېرىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بۇزغۇنچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرى ھەققىدىمۇ ئۆرنەك بېرىدۇ. شۇنداقلا ئىسلاھات يولىدىكى توسالغۇلار ھەققىدىمۇ مىساللارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. قۇرئان كەرىم سىزىپ بەرگەن سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ مەقسەتلىرى، بەلگىلىرى ۋە قائىدىلىرى بار بولۇپ، ھەر دەۋر ۋە ھەر شارائىتتىكى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئۆرنەك بەرگەن ئىسلاھاتچىلار پەيغەمبەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەۋىتى ئىسلاھاتقا مەركەزلەشكەن. بۇ ئىسلاھاتچىلار ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ سالىھ ئىنسانلاردىن بولۇشنى ئاللاھدىن تىلەيدۇ: «مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا:<مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر) قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، ئىسلاھ قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن> دېگەن» (ئەئراف سۈرىسى 142 ـ ئايەت).

پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان ئىسلاھات ھەرىكىتى ئەقىدە ۋە سىياسىي تەرەپلەرنى ئىسلاھات قىلىش بىلەن باشلانغان. بىراق ئۇلارنىڭ ئىسلاھاتى ئىسلاھاتنىڭ بىر تەرىپى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان، بەلكى ئىسلاھاتنى بىر پۈتۈن تۈزۈم شەكلىدە جارى قىلدۇرغان. مەسىلەن، ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «سەن پىرئەۋننىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشتى. ئۇنىڭغا: (كۇفرىدىن ۋە گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى خالامسەن، سېنى پەرۋەردىگارىڭنى تونۇشقا يېتەكلىشىمنى خالامسەن؟ ـ دېگىن» دېگەن (نازىئات سۈرىسى 17 ـ 18 ـ ئايەتلەر).

## سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى

سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈم قازىنىشى ئۈچۈن ئىسلاھاتنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىشى ۋە ئۆزگەرتىش ئېھتىياجىنىڭ ئادەمنىڭ قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىشى مۇھىم ئىككى شەرتتۇر. داۋاملاشمايدىغان ۋاقىتلىق ئىسلاھات مۇئەييەن نۇقتىدا توختاپ قېلىپ، ئۆزۈن ئۆتمەي مەقسەتنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇنداقلا قەلبىدىن ھاسىل بولمىغان ۋە چەتئەلنىڭ ياردىمى بىلەن شەكىللەنگەن ئىسلاھاتنىڭ تەسىرى بولمايدۇ، چۈنكى مىجەز ئۆزگىرىپ قالسا ياكى سىرتقى ياردەم ئۈزۈلۈپ قالسا بۇمۇ تېزلا توگەيدۇ. بۇ ئىككى مەسىلە بىر ئاز توختىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر.

**بىرىنچى: ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇش**

بەزى ئورۇنلاردا پەيدا بولغان بۇزغۇنچىلىق تېخى ئاجىز

ھالەتتە بولسىمۇ، بۇنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا، كېيىن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ھالغا يۈكسىلىدۇ ۋە خەتىرى كۆچىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇزغۇنچىلىقنى ھېس قىلغان ھامان ئاجىز ھالىتىدىلا قۇرۇتۇپ تاشلاپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەك. شۇنداقلا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشلار رەتكە چۈشكەندىمۇ بۇزغۇنچىلىق پۈتۈنلەي يوقالمايدۇ، بۇزغۇنچىلىقنىڭ ھەر زامان بېشىنى كۆتۈرۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار بولىدۇ، شۇڭا جەمئىيەت ياكى دۆلەت بۇزغۇنچىلىقنىڭ باشلىنىشىدا ئىسلاھات يوللىرىنى يولغا قويۇشى ۋە ئىسلاھاتنى داۋاملاشتۇرۇشى لازىم بولىدۇ: «ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار» (ھوجۇرات سۈرىسى 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئىككى ئايەت ھەر دائىم ئىسلاھات پىلانلىرىنى تۈزۈپ تەييار تۇرۇشنى، تالاش ـ تارتىش كۆچىيىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئىسلاھ قىلىشقا قەدەم قويۇشنى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يەككە ياكى كوللېكتىپ ھالدا ھەر تۈرلۈك تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەندە قاراپ تۇرماستىن ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ قويۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بۇ يەردىكى تالاش ـ تارتىش قايسى تۈردە بولسا بولسۇن ئۇنى ئىسلاھ قىلىش لازىم. ھۆكۈمەت، ھاكىملار ياكى ئىسلاھ قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ۋە خەلق ئىچىدە سۆزىنىڭ تەسىرى بولغان ھەر بىر كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

**ئىككىنچى: سىياسىي ئىسلاھات ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە باغلىق**

ھەر قانداق بىر ئىسلاھات ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى تۈزىتىشكە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۆزلىرى ۋە قەلبلىرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئىسلاھات ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، بەلكى نەپسىنى ئىسلاھ قىلمىسا ئىسلاھات دېگەن نەرسە مەۋجۇتمۇ بولمايدۇ: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ» (رەئد سۈرىسى 110ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتتە ئۆزگەرمەس ئىلاھىي بىر قانۇنىيەت بايان قىلىنماقتا. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش قانۇنىيىتىدۇر. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ياخشىلىققا ئۆزگەرتسە، مۇشۇ دۇنيادىلا ياخشى تۇرمۇش ۋە خاتىرجەم ھاياتقا ئېرىشىش بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ: «ئەر ـ ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» (نەھل سۈرىسى 97 ـ ئايەت).

ئۆزگەرتىش نەتىجىسىدە بىچارىلىق بەخت ـ سائادەتلىك ھاياتقا ئۆزگىرىدۇ. بۇ قانۇنىيەت شەخس، كوللېكتىپ، جەمئىيەت ياكى دۆلەتكىمۇ ئوخشاش كېلىدۇ: «ئەگەر بۇ شەھەرلەرنىڭ

ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان ـ زېمىندىن كېلىدىغان پاراۋانلىقتا مۇيەسسەر قىلاتتۇق، لېكىن ئۇلار(پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق» (ئەئراف سۈرىسى 96 ـ ئايەت).

ئەگەر بىرەر شەخس ياكى قەۋم ياكى ھۆكۈمەت گۇناھ ـ مەئسىيەت يولىدا ماڭسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇ دۇنيادىلا بەختسىزلىككە دۇچار بولىدۇ: «ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشال ـ خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى» (ئەنئام سۈرىسى 44 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن بوشاڭلىق قىلىش، ئۆزلىرىنى ۋە رېئال ھاياتلىرىنى ئۆزگەرتمەستىن، ھالىمىزنى ئاللاھ ئۆزگەرتىپ قويىدۇ، دەپ كۈتۈپ تۇرۇۋېلىش خاتالىقىنى بىلدۈرگەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتىشىگە باغلىق، چۈنكى سىياسىي ئىسلاھات سەممىي ۋە ياخشى نىيەت بولمىسا ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ سىياسىي ئىسلاھاتى باشقا ئىسلاھات قەدىمىنى ئېلىشتىن بۇرۇن ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىشى ۋە ئۆزگەرتىشى كېرەك.

ئەنفال سۈرىسىدە ئاللاھ بۇ ئۇقۇمنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ(يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى(كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ،

ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەنفال سۈرىسى 53 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن بىر مىللەتكە ئازاب ياكى خاپىلىق كەلسە، بۇ ئازاب ئۇلارنىڭ تۇزكورلۇقى، گۇناھلىرى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن كېلىدۇ. چۈنكى گۇناھ ـ مەئسىيەت بۇزغۇنچىلىقتۇر، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئاللاھنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ نېمەتنىڭ قولدىن كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ، ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بۇزغۇنچىلارنى جازالىماي تاشلاپ قويمايدۇ.

ئاللاھ بىر مىللەتكە نېمەت ئاتا قىلغان بولسا، ئۇلار نىيەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بۇزۇپ، نېمەتنىڭ يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلمىسا، ئاللاھنىڭ شۇ كىشىلەر، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرگە تۇتقان ئادالىتى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. نېمەتكە لايىق ئىش ـ ھەرىكەت قىلمىسا، ئاللاھ ئۇ نېمەتنى ئۇلاردىن تارتىۋالىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ قانۇنىيىتى ئىنساننىڭ نىيىتى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىگە باغلىق. دېمەك، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز كېرەك: «بەدەندە قەلبتىن ئىبارەت بىر پارچە مۇھىم ئەزا بار، ئۇ ئەزا تۈزەلسە پۈتۈن بەدەن تۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ئەزا بۇزۇلسا، پۈتۈن بەدەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ» (بۇخارى رىۋايىتى).

## ئىسلاھات مەيدانلىرى

ئىسلاھ قىلىش ئىنسان ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭرى بىر ساھە بولۇپ، قۇرئان كەرىم بۇ

ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە يولىيورۇقلىرىنى بەرگەن، قىيىنچىلىقتىن غالىب كېلىش ۋە بۇزغۇنچىلىققا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى كۆرسەتكەن.

تۆۋەندە ئىسلاھ قىلىش مەيدانلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز، ئاندىن ئاساسلىق تېما بولغان سىياسىي ئىسلاھات ھەققىدە توختىلىمىز.

## 1. ئەقىدە ئىسلاھاتى

ئىسلاھات مەيدانلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى ۋە بىرىنچىسى ئەقىدە ئىسلاھاتىدۇر، چۈنكى ئەقىدە ئىسلاھاتى بولمىسا باشقا ئىسلاھاتلار يارامسىز بولىدۇ. ئىنسان ئەقىدىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ياراتقۇچى بىلەن ھەمدە ھايات ۋە كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىسىنى رەتكە سالالمىسا قانداقمۇ ئىسلاھات ھاسىل بولسۇن؟! ئەقىدە ئىسلاھاتى بولمىسا جەمئىيەتتە مۇقىملىق ۋە گۈللىنىش ھاسىل بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ بارلىق ئاساسلىرىنى بايان قىلغان، ئەقىدىنىڭ ئاساسلىرى قۇرئان كەرىمدە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قۇرئان كەرىم ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئەقىدە تېمىسىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەسكىن ئېتىقادقا يېتىش ئۈچۈن دەلىل ئاساسىدا بىلىشنى پەرز قىلغان. قۇرئان كەرىم ئەقىدىنى ساغلام ۋە كۈچلۈك دەلىل بىلەن مۇقەررەرلەشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلگەندەك، ئۇنى ھىمايە قىلىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن. شۇ سەۋەبتىن ئەھلى كىتاب، مۇشرىك ۋە باشقىلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى بايان قىلغان، ئۇلارنىڭ ئازغۇن ۋە بۇزۇلۇپ كەتكەن تەرەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قۇرئان كەرىم ئەقىدە مەسىلىسىدە كەڭرى توختالغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام ئەقىدىسى ساغلام داۋاملىشىپ كەلمەكتە، قۇرئان

كەرىم مەۋجۇت بولىدىكەن ئەقىدىنى بۇرمىلاشقا قەتئىي يول قويمايدۇ.

قۇرئان كەرىم باشتىن ئاخىرغىچە پۈتۈن بەتلىرىدە ساغلام ئەقىدىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تەۋھىدكە چاقىرغان ۋە ئاللاھ بىلەن مەخلۇقلىرى ئارىسىدا ۋاستە پەيدا قىلىپ شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئاگاھلاندۇرغان. چۈنكى تەۋھىد ئىنساننى ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئىپادىسى بولسا، ياراتقۇچىنىڭ شېرىكى بار دەپ ئېتىقاد قىلىش ئىنساننى كائىناتقا ئىزباسار خوجايىن بولۇش مەرتىۋىسىدىن مەخلۇققا بويسۇنىدىغان قۇلچىلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

قۇرئان كەرىم تەۋھىد ئەقىدىسى ئارقىلىق ئىنسان نەپسىنى پاكلاشنى مەقسەت قىلغان، ئەقىدە ساغلام بولمىسا ئىنسان نەپسى ئىسلاھ بولمايدۇ. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر تەۋھىد دەۋىتى ئارقىلىق ئىنسانلارنى پاكلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

قۇرئان كەرىم تەپەككۇر قىلىشقا قىزىقتۇرغان، ئەقىدە مەسىلىلىرىدە گۇمانغا ئەگىشىشتىن توسقان، ئەھلى كىتاب ۋە باشقىلارنىڭ ئېزىپ كەتكەن ئەقىدىلىرىنى تەنقىد قىلغان، شېرىككە باشلاپ بارىدىغان بارلىق يوللارنى توسۇۋەتكەن. («قۇرئاندىكى ئەقىدە ئاساسلىرى» ناملىق كىتاۋىمغا قاراڭ).

## 2. سىياسىي ئىسلاھات

ئىسلاھات مەيدانلىرىنىڭ ئىككىنچىسى سىياسىي ئىسلاھات. قۇرئان كەرىمدە سىياسىي ئىسلاھات دىققەتنى تارتقۇدەك شەكىلدە كۆپ ئورۇن ئالغان. سىياسىي ئىسلاھات ھاكىم بىلەن پۇقرالارنىڭ ئالاقىسىنى ئىنتىزامغا سالىدۇ ۋە يۈز بەرگەن

نۇقسانلارنى تۈزىتىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەتنىڭ تەتبىقلىنىشى ياراتقۇچىنىڭ كۆرسەتمىسىنى توغرا تەتبىقلىغاندا ئاندىن ھاسىل بولىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان رەھبەرلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر مەسىلىدە بىر نۇقتىغا كېلەلمىسەڭلا، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر» (نىسا سۈرىسى 59 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت سىياسىي تۈزۈمنىڭ شەرئى سىياسەت بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدىغان ياراملىق بىر مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ سايلىنىشىنىڭ لازىملىقى، بىر مەسىلە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەندە قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھەل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى بايان قىلىش ئارقىلىق سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئاساسلىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

## 3. ئىقتىسادىي ئىسلاھات

ئىقتىسادىي پاراۋانلىققا ئېرىشىش ۋە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن جازانە ۋە مونوپوللۇقتىن خالىي ئىقتىساد تۈزۈلمىسىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. جازانە، مونوپوللۇق، ھارام ئىشلار ۋە بۇزغۇنچىلىق ئىللەتلىرى ئارىلاشقان ئىقتىسادى تۈزۈم كىرىزىس ۋە ۋەيرانچىلىققا سۆرەپ كىرىدۇ: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار، تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار،

يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرمەڭلار» (ھۇد سۈرىسى 85 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىقتىسادى بۇزغۇنچىلىقنى ھەل قىلماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغان: «ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىن بەھرىمەن بولۇشنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەنمۇ ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق يوللىرىنى ئىزدەپ يۈرمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ» (قەسەس سۈرىسى 77 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ ئاساسلىرىنى، گۈللىنىش ئۈچۈن ئىقتىساد ۋە بايلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، ئاللاھنىڭ ھەققى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇتۇپ مېڭىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلغان. شۇنداقلا ھالال يول بىلەن ئىقتىسادقا ئېرىشكەن ئىنساننىڭ دۇنيانىڭ ھالال لەززەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ھەققىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇتتۇرىغا قويغان.

## 4. ئىلمىي ئىسلاھات

دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مائارىپ ۋە تەلىم ـ تەربىيە تۈرلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش، تەۋھىد ئاساسىدا كائىناتنى بىر پۈتۈن ئوقۇش، تۈرلۈك بىلىم ـ مەرىپەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، نۇقسان تەرەپلىرىنى تۈزىتىش ئىسلاھاتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئىنسان، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشى مائارىپ ئىسلاھاتىغا باغلىقتۇر. مائارىپ تۈزۈمىنىڭ قاتماللىقى ياكى بۇزۇقلىقى ياكى دۇنيالىق ياكى ئاخىرەتلىك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنۈپ كېتىشى باشقىلاردىن ئارقىدا قېلىشقا ۋە ئېزىپ كېتىشكە

سەۋەب بولىدۇ: «بىز كىتابتا (يەنى تەۋراتتا) كىشىلەرگە توغرا يولنى ئېنىق بايان قىلغىنىمىزدىن كېيىن، بىز نازىل قىلغان (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە توغرا يولنى يوشۇرىدىغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلىدۇ؛ لەنەت قىلغۇچىلار (يەنى پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر) مۇ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ. پەقەت تەۋبە قىلغانلار، (ئەمەلىنى)تۈزەتكەنلەر، (يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىدىن يوشۇرغانلىرىنى) بايان قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، مەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇرمەن، ناھايىتى مېھرىباندۇرمەن» (بەقەر سۈرىسى 159 ـ 160 ئايەتلەر).

بۇ ئايەت تەلىم ـ تەربىيە بۇزغۇنچىلىقىدىن ئاگاھلاندۇرماقتا، تەلىم ـ تەربىيە ئىسلاھاتىدا ئالىملارنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى بايان قىلماقتا. شۇنداقلا ئىنسانلار بىلىشكە ۋە پايدىلىنىشقا تېگىشلىك بىلىم ـ مەرىپەتلەرنى يوشۇرۇش، بۇزۇش ۋە مونوپول قىلىۋېلىشنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى ئېچىپ بەرمەكتە، چۈنكى بىلىم ـ مەرىپەتنى يوشۇرۇپ ياكى ئۆزگەرتىش ھالغا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى نادان قالدۇرۇش جەمئىيەتتە بۇزغۇنچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىم ـ مەرىپەتلەرنى تارقىتىش كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ سەۋىيىسىنى ئېچىپ ۋە بىلىم مەرىپەتلىك بولۇش ئىسلاھاتىغا ئېلىپ بارىدۇ. ساغلام بىلىم ـ مەرىپەت ياراتقۇچىنى تونۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن ھەقىقى قورقۇشقا باشلاپ بارىدۇ.

## 5. ئىجتىمائىي ئىسلاھات

ئىجتىمائىي ھايات ۋە جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدىكى ئالاقىلەر،

ئالاقىنىڭ خاراكتېرىگە قارىتا كۆچىيىپ ۋە ئاجىزلىشىپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبلىرى ۋە ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇللىرى بار. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئىجتىمائىي بۇزغۇنچىلىقنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھ قىلىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە توختىلىدۇ: «ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا ياخشىلىق يوقتۇر. پەقەت سەدىقىگە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە يول كۆرسەتكەن كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ ئىشلارنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز» (نىسا سۈرىسى 114 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ رولىنى نامايان قىلىپ بەرمەكتە. كۇسۇلدىشىپ پاراڭلىشىش كۆپىنچە بۇزغۇنچىلىققا سەۋەب بولىدۇ، ئايەتتە بايان قىلىنغان باشقا ئىشلار ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ياخشى ئىشلارنى قىلماسلىق كەمبەغەللىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشى، يامان ئىشلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە ئارىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي بۇزغۇنچىلىققا سۆرەپ بارىدۇ.

ئەلۋەتتە بۇ ئىسلاھات ساھەلىرى بىر ـ بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك. خاتىرجەم ۋە ياخشى بىر جەمئىيەتكە ئېرىشمەكچى بولساق بۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىسلاھات ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ئىسلام ۋە سىياسىي تۈزۈم چۈشەنچىسى

## 1. ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى

ئىسلام ئىنسان بىلەن ياراتقۇچى، ئىنسان بىلەن ئىنسان، ئىنسان بىلەن كائىنات ئارىسىدىكى ئالاقىنى ئىنتىزامغا سالىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك بىر تۈزۈم بولۇپ، ھايات ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى سىياسىي جەھەتتىن ئىدارە قىلىشقا ئالاقىدار پرىنسىپ ۋە ئومۇمىي قائىدىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى ئىسلام دىنى ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندىكى بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن كەلگەن ئىلاھىي يولىيورۇقتۇر: «ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر موھتاج بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق» (نەھل سۈرىسى 89 - ئايەت).

ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ، بىرەر ئىش - ھەرىكەت يۈز بەرسە شەرىئەت ئۇنىڭغا قارىتا ھۆكمىنى بېرىپ تۇرىدۇ. ئىسلام بىر پۈتۈن ھايات تۈزۈمى بولغانلىقى ئۈچۈن پارچىلاشنى ياكى

بەزىسىنى قوبۇل قىلىپ، يەنە بەزىسىنى قوبۇل قىلماسلىقنى رەت قىلىدۇ. ئىنسان ھاياتى بىر پۈتۈن نەرسە بولۇپ پارچىلانمايدۇ، ئەلۋەتتە ئىنسان ھاياتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىلاھىي تۈزۈم پارچىلىنىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئەقىدە، شەرىئەت، ئەخلاق ۋە قانۇن - تۈزۈم ئەھكاملىرى ياكى كۆرسەتمىلىرى بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىر قىسمى تاشلىنىپ قالسا، قالغان ھەممە قىسمىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى يوق دەپ قارالسا، بۇ قاراش ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقىي ئىسلام بولالمايدۇ، شۇنداق ئىكەن مۇسۇلمان تەبىئىي ھالدا سىياسىي ئىنساندۇر.

ئىسلامدىكى دۆلەت ئۇقۇمىدا سىياسەت يۈرگۈزۈش پرىنسىپلىرى بىلەن ھاكىمىيەت ياكى سىياسەت شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى قۇرئان كەرىم سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئومۇمىي قائىدە - پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ بەرگەن، بىراق مۇسۇلمانلارغا ھاكىمىيەت شەكلىنىڭ مۇئەييەن بىر شەكلىنى بەلگىلەپ بەرمىگەن. ئۇنداقتا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتە كەلگەن پرىنسىپ ۋە ئاساسلارغا تايىنىپ سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان ھەر قانداق بىر تۈزۈم ئىسلام تۈزۈمى ھېسابلىنىدۇ، بۇ خىل ھالەت زامان ۋە ماكانغا قارىتا مۇناسىپ سىياسىي تۈزۈم تاللاشتا ئەۋرىشىملىك ھالىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئانىنىڭ سىياسىي ئاتالغۇسىدا ھەقىقىي ھاكىم ئاللاھ، زېمىندا ئىلاھىي شەرىئەتنى يۈرگۈزۈدىغانلار ۋەكىل ئورنىدىكى ئىزباسارلاردىن ئىبارەت. دېمەك، ئىسلامنىڭ ئاساسىي قانۇنى سايىسىدا سىياسەت يۈرگۈزۈۋاتقان كىشى ھەقىقىي ھاكىم بولغان

ئاللاھنىڭ ئىزباسار ۋەكىلىدۇر.

ئىسلام دۆلىتى دېگەن ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان، شەرىئەتتىن كەلگەن ئىسلامنىڭ قانۇنلىرىنى تەتبىقلايدىغان ۋە دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشچان تەلەپلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەرەققى قىلىدىغان دۆلەتتىن ئىبارەت.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى بۈيۈك ئالىم دوكتۇر ئەھمەد رەيسۇنى مۇنداق دەيدۇ: «شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرى ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ئەخلاق ساھەسىدە تەپسىلى بايان قىلىنغان. سىياسەت ۋە دۆلەت مەسىلىلىرى، ئادەت ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەھۋاللاردا تەپسىلى ئەھكاملار ئاز كەلگەن، بۇ ساھەلەر ئاساسەن شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا تايانغان. دېمەك، سىياسەت، دۆلەت ۋە ئىدارە - تۈزۈم ئىشلىرى تەپسىلى دەلىللىنىڭ ئاز كەلگەنلىكى ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئومۇمىي قائىدە ئاساسلىرى ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامدا مۇئەييەن سىياسىي تۈزۈم، ياكى ئۇنىڭ ئىسمى ياكى شەكلى تېپىلمايدۇ.

ئەگەر ئىسلامنىڭ مۇئەييەن ۋە مۇقىم سىياسىي تۈزۈمى بولغان بولسا، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا يارىمىغان بولاتتى. ئىسلام ئۇلۇغلىقىدىن ۋە ھەر زامان يېڭىلىقىنى يوقاتمايدىغان سالاھىيىتىنىڭ بارلىقىدىن ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى مۇقىم ساھەلەردە تەپسىلى ئەھكاملارنى كەلتۈرگەن، ئۆزگىرىدىغان ۋە تۈرلۈك بولىدىغان ساھەلەردە بىر بۆلەك قائىدىلەر، مەقسەتلەر ۋە ئومۇمىي پرىنسىپلار بىلەن كۇپايىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ۋە سۈننەتتە «خەلىپىلىك تۈزۈمى» دەيدىغان تۈزۈم تېپىلمايدۇ، ئۇ تۈزۈم تارىخى تەجرىبە ۋە ئىنسانىي ئىش - ھەرىكەتتىن

ئىبارەت. مەشھۇر تۆت خەلىپىنىڭ دەۋرى بىر - بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىياسىي ۋە تەشكىلى ئوخشىماسلىقلار تېپىلىدۇ. دېمەك، تۆت خەلىپىنىڭ دەۋرىدىكى سىياسىي تۈزۈم، سىياسىي تەدبىر، سىياسىي قارار، سىياسىي ئالاقە ۋە سىياسىي قۇرۇلمىلارنى پەقەت ئومۇمىي پرىنسىپ ۋە ئومۇمىي كۆرسەتمىلەر بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ» (رەيسۇنى:ئىسلام پىكرى ۋە سىياسەت مەسىلىلىرى، 17 - 19 - بەتلەر).

سىياسىي قانۇنشۇناس د.مۇھەممەد سەلىم ئەۋۋا مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمنى شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە قائىدىلىرى ئىنتىزامغا سالىدۇ. مۇسۇلمانلار ۋە دۆلەت ئورگانلىرى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىدە بۇ ئومۇمىي پرىنسىپلارنى تۇتۇپ ماڭىدۇ. چۈنكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ سىياسىي تۈزۈمگە ئالاقىدار تەپسىلاتلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىھادى ۋە ھەر دەۋرگە قارىتا ئۇيغۇن قاراشلارنى تاللىشىغا قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، دۆلەتنىڭ رەئىسىنى سايلاش يوللىرى، چارە - تەدبىر ئورگىنى (يەنى پارلامېنت) نىڭ ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەش بىر خىل شەكىلدە بولمىغان» (د. سەلىم ئەۋۋا: ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى: 31 - 35 - بەتلەر).

## 2. ئىسلامدىكى دۆلەت شەرىئەتنى مەنبە قىلغان مەدەنىي دۆلەت

ئىسلامدىكى سىياسىي تۈزۈم ياكى دۆلەت ئۇقۇمى مەدەنىي بولۇپ، شەرىئەتنى ئاساسىي قانۇن قىلىدۇ. مەدەنىي دۆلەت دېگەن ھاكىملىقتا سالاھىيىتى توشىدىغان، شەرتلىرىنى ھازىرلىغان ئىشەنچىلىك ۋە كۈچلۈك بىر ئادەمنى پارلامېنت ياكى ئۈممەت تەرىپىدىن تاللاپ چىقىش دېمەكتۇر. شۇنداقلا ھاكىمنىڭ كېڭەش

مەجلىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈشى، ئۈممەت ئالدىدا ھېساب بېرىشى، ئۈممەتتىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ نەسىھەت قىلىش ھوقۇقىنىڭ بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلامدا ھاكىم قايسى بىر مۇسۇلمانغا ئوخشاش ئاددى شەخس بولۇپ، مۇقەددەسلىك ياكى مەسۇملۇق (يەنى گۇناھدىن پاكلىق) سۈپىتىگە ئىگە بولمايدۇ. ئىسلامدىكى ھاكىم مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان شەرىئەت، يۈزلەندۈرۈپ تۇرىدىغان قىممەت قاراش ۋە چەكلەپ تۇرىدىغان ئەھكاملار بولىدۇ. شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى ھېچكىم بىكار قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر ھاكىم توغرا يولدىن چەتنىگىلى تۇرسا، ئۈممەت ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىش، تۈزىتىش ۋە زۆرۈر بولۇپ قالسا ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇبەكرى: «دۆلەت ئىشلىرىنى ياخشى قىلالىسام ماڭا ياردەم بېرىڭلار، خاتا قىلىپ سالسام تۈزىتىپ قويۇڭلار، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ سىياسەت يۈرگۈزسەم ماڭا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ سىياسەت يۈرگۈزسەم ماڭا ئىتائەت قىلماڭلار» (ئىبنى ھىشام تارىخى) دەپ ئىسلامنىڭ مەدەنىي دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتۇرۇپ بەرگەن.

### 3. قاتماللىق ۋە تەرەققىيات ئارىسىدىكى شەرئى سىياسەت

ئىسلام دىنى ئىجتىھاد قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا چاقىرىدۇ، ئالىملار يېڭىدىن پەيدا بولغان مەسىلىلەرگە ھەل قىلىش چارىسى تېپىش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلىشنى پەرز كۇپايە دەپ قارايدۇ.

رەسۇلۇللاھ يېڭىلىق يارىتىشقا چاقىرغان ۋە ھەر بىر ئەسىردە دىنىنىڭ ئەسلى ساپ ھالىتىنى يېڭىلاپ تۇرىدىغان مۇجتەھىدلەر

(ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدىكى بۈيۈك تەتقىقاتچىلار) نىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بەرگەن: «ئاللاھ بۇ ئۈممەتكە ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا، دىنىنى (دىنى چۈشەنچىلىرىنى) يېڭىلاپ بېرىدىغان كىشىنى ئەۋەتىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى). ئەقىدە ۋە ئىبادەت مەسىلىلىرىدە يېڭىلىق پەيدا قىلىش بىدئەت دەپ سانىلىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ. سىياسەت ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە دىنىنىڭ مەقسەت ۋە پرىنسىپلىرى ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىجادىيەت ۋە كەشپىيات دەپ ئاتىلىدۇ. دەلىل كەلگەن دىنى كۆرسەتمىلەرگە ئەگىشىپ مېڭىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، دۇنياۋى ئىشلاردا يېڭىلىق يارىتىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ياخشىلىق يوللىرىنى تېپىپ چىقىشقا ۋە گۈللىنىش شەكىللىرىنى كەشىپ قىلىشقا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا، بىلىم - مەرىپەت ۋە ئىش - ھەرىكەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا قىزىقتۇرغان: «كىم ئىسلامدا ياخشى بىر ئىشنى يولغا قويسا ياكى پەيدا قىلسا ئۇنىڭغا ئەجىر بولىدۇ ۋە شۇ ئىشنى قىلغانلارنىڭمۇ ئەجرى يېتىپ تۇرىدۇ، ھېچقايسىنىڭ ئەجرى كېمىيىپ كەتمەيدۇ» دېگەن (مۇسلىم رىۋايىتى). بۈرۈنقى مۇسۇلمانلار بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئالدىدا ماڭغان، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار ئېنىق دەلىل كەلگەن ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئىشلىرىدا بىدئەت پەيدا قىلىپ، سىياسەتكە ئوخشاش ئىجتىھادقا بويسۇنىدىغان دۇنيا ئىشلىرىدا قاتماللىق قىلغانلىقى ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئارقىسىدا قالغان.

ئىسلام بىزگە مەقسەت بىلەن ۋاستىنى، ئاساسلىق مەسىلە بىلەن تارماق مەسىلىنى ئايرىپ قارىشىمىزغا كۆرسەتمە بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەقسەت، غايە ۋە پرىنسىپال مەسىلىلەردە چىڭ تۇرىمىز، ۋاستە ۋە چارە مەسىلىلىرىدە ئەۋرىشىملىكنى ساقلايمىز.

يەنى قائىدە ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەردە مۇستەھكەم تۇرۇش، تارماق ۋە پارچە مەسىلىلەردە ئەۋرىشىم بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

دىنىمىزنىڭ مۇقىم بولۇپ ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلمايدىغان ۋە ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان دائىرىلىرى بار، شۇنداقلا ھاياتنىڭمۇ مۇقىم ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئۆزگىرىشنى قوبۇل قىلىدىغان تەرەپلىرى بار، ھاياتنىڭ ئۆزگىرىدىغان تەرەپلىرى ئاز ئەمەس. دېمەك، دىنىنىڭ ھەممىسى مۇقىم بولۇپ ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا ھاياتنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىدىغان نەرسە ئەمەس.

ئىسلام دىنى ھاياتنىڭ تەرەققى قىلىشىنى، ناچار ۋەزىيەتتىن ياخشى ھالغا يۈتكىلىشىنى چەكلىمەيدۇ، بەلكى دىن ۋە دۇنياغا ئالاقىدار ھەر قانداق ئىشلاردا ئەڭ گۈزەل بولۇشقا ۋە يۈكسىلىشكە چاقىرىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ھەر قانداق بىر ئىشنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە قىلىشنى بېكىتكەن» دەيدۇ (مۇسلىم رىۋايىتى). يەنە: «سىلەردىن قايسىڭلار بىر ئىشنى قىلىپ قالسا، ئۇ ئىشنى پۇختا شەكىلدە قىلىشنى ئاللاھ سۆيىدۇ» دېگەن (تەبرانى رىۋايىتى، سەھىي ھەدىس).

## 4. شەرئى سىياسەتتىكى شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ۋە ۋاستە ئۇقۇمى

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى ياخشى بىلىش يېڭىلىق يارىتىش ۋە شەرئى ھۆكۈمنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رېئاللىق ۋە پەرقلىق شارائىتقا ئۇيغۇنلاشتىكى ئاساسلىق بىر ئامىلدۇر. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلىش ئېزىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ، شۇنداقلا ۋاستىلەردە يېڭىلىق يارىتىش شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى پائالىيەتچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ ۋە مەنپەئەتلىرىنى جانلىق شەكىلدە ھىمايە قىلىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى دېگەن شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان غايە ۋە سىرلاردىن ئىبارەت. شەرىئەتنىڭ «زۆرۈرىيەت مەقسەتلىرى» ياكى «پرىنسىپال مەقسەتلەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئاساسلىق مەقسەتلىرى بار. زۆرۈر مەقسەتلەر: دىن، جان، ئەقىل، ئىززەت ـ شەرەپ ۋە مال ـ مۈلۈكنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت. يەنە بەزى ئالىملار ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە ھەق ـ ھوقۇقنى قوغداشنىمۇ شەرىئەتنىڭ زۆرۈر مەقسەتلىرى قاتارىغا كىرىدۇ، دەپ بېكىتكەن(ئەللامە تاھىر بىن ئاشۇرنىڭ «شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى» ناملىق كىتابىغا قاراڭ).

چۈنكى قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن بارلىق بۇيرۇق ياكى چەكلىمىلەر مۇشۇ مەقسەتلەرنى ھىمايە قىلىشنى كۆزلەيدۇ. ئۇنداقتا شەرئى سىياسەتنىڭ ياكى سىياسىي تۈزۈمنىڭ نىشانى شەرىئەتنىڭ يۇقىرىقى زۆرۈر مەقسەتلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئەمەلىي تەتبىقلاشتىن ئىبارەت.

ۋاستىلەرنى بېكىتىش مەقسەتلەرنىڭ مەنىسىنى بېكىتىش ئۈستىگە قۇرۇلغان، مەقسەتلەرنىڭ مەنىسى مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇ سەۋەبتىن ۋاستىلەر مەقسەتلەرنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ. دېمەك، شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى مۇقىم بولۇپ ئۆزگەرمەيدۇ، ۋاستە ياكى چارىلەر ئۆزگىرىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن دەلىل ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ۋاستىلەر ئۆزگەرمەيدۇ. مەسىلەن، ناماز

ئۇچۇن تاھارەت ئېلىش ۋاستىسىگە ئوخشاش. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۆزگەرمەيدىغان ۋاستىلەر ئاز، ئۆزگىرىدىغان ۋاستىلەر كۆپ بولىدۇ، چۈنكى ۋاستىلەر زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. ئىنسانلار مەدەنىيەت يولىغا قاراپ ماڭغانچە قولايلىق ۋاستىلەر كۆپىيىدۇ. مەقسەتكە يېتىشتە ياراملىق ۋاستە بار يەردە ئەھمىيىتى تۆۋەن ۋاستىگە ئېسىلىۋېلىش قاملاشمىغان بىر ئىش، خۇددى ھەجگە بېرىشتا ئايروپىلان تۇرسا، ئات بىلەن بېرىشتا چىڭ تۇرغاندەكلا بىر ئىش بولىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى تېمىسىدا ۋاستىلەر بىۋاستە مەقسەتنىڭ ۋاستىلىرى ۋە ۋاستىنىڭ ۋاستىلىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بىرى مەقسەتنىڭ بىۋاستە ۋاستىسى بولىدۇ. مەسىلەن، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى بىلىش ئاللاھنى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر. يەنە بىرى تۈرى ۋاستىنىڭ ۋاستىسىدۇر. مەسىلەن، شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ئىتائەت ئىشلارنى قىلىشنىڭ ۋاستىسىدۇر، ئەسلىدە ئىتائەتمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. دېمەك، ۋاستىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نىسبى نەرسىدۇر. ۋاستىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرىكىسىگە مەقسەت ۋە كېيىنكىسىگە ۋاستە بولۇپ كېلىدۇ. («ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەتلىرى» ناملىق كىتاۋىمغا قاراڭ).

ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى توغرىسىدا كەلگەن ھۆججەتلەر ئاز، قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن ھۆججەتلەر سىياسىي تۈزۈمنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرىنى تەكىتلەپ كەلگەن. بۇ مەقسەتلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ئىلىپ بارىدىغان ۋاستىلەر مۇھىت، دەۋر، بىلىم ـ مەرىپەت ۋە تېخنىكىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا بىر قانچە مىسال

ئىلىپ كۆرەيلى:

بىرىنچى، ئىسلامدىكى كېڭەش پرىنسىپىنى مىسال ئالساق مۇستەبىتلىكنى يوقىتىپ، ئەڭ ئىلغار قارارغا يېتىپ بېرىش ۋە ئىجرا قىلىشتا ئەڭ يارامىلىق شەخسلەرنى تاللاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىراق شەرىئەتتە كېڭەش ئېلىپ بېرىش يولىنى، كىملەرنىڭ كېڭەش قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇددىتىنى ۋە سالاھىيەت دائىرىسىنى بېكىتىپ بەرگەن دەلىل كەلمىگەن. بۇ ئىشلار كېڭەشتىن ئىبارەت پرىنسىپ ياكى مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋاسىتىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىجتىھادغا بويسۇنىدۇ، ئىجتىھاد بولغانىكەن كۆز - قاراش تۈرلۈك بولىدۇ.

ئىككىنچى، تالانت ياكى قابىلىيەت مەسىلىسى: دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ تالانت ئىگىسى بولىشى شەرت، مەنسەپ قانچە يۇقىرى بولسا تالانتلىق بولۇش سۈپىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ تالانتىنى بىلىش يوللىرى تەجرىبە، دىپلوم، سىېلىشتۇرما ۋە پراكتىكىغا ئوخشاش ۋاسىتىلەر بىلەن تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، سىياسەت تۈزۈمى: شەرئى سىياسەت ئۆلىمالىرى خەلىپىلەرگە قاراپ ئۈممەتنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان خەلىپە ياكى ھاكىمنىڭ سۈپەتلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان. ئۇلار قويغان شەرتلەر ئىچىدە خەلىپە ياكى ھاكىمنىڭ باشقا شەرتلەر بىلەن بىرلىكتە خەلقنى ئىدارە قىلغۇدەك ۋە مەنپەئەتلىرىنى تەدبىر قىلغۇدەك دەرىجىدە مۇجتەھىد بولۇش شەرتىنى قويغان. بىراق بۇ شەرت بۇ كۈنلەردە قولاي ئەمەس، خېلى بۇرۇنمۇ بۇ شەرت تەتبىقلانمىغان.

سىياسەت تۈزۈمگە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى

ۋاسىتىلەردىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالىملار بۆگۈنكى كۈنلۈكتە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان، ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلالايدىغان ۋە يۇرتلارنى گۈللەندۈرۈش ئارقىلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالايدىغان ھاكىم ئۈچۈن يېڭى سۈپەتلەرنى قويۇش لازىم.

بۆگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولىدىغان خەلىپە ياكى ھاكىم ياكى سۇلتاندىن يۇرتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، ھەق - ھوقۇقلارنى جايىغا يەتكۈزۈش، شەرىئەتنىڭ مەقسەتنى تەتبىقلاش، ئىسلامنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى قانات يايدۇرۇش، قەلبى پاك بولۇش، كىشىلەرگە خىزمەت قىلىش، يۇرتلارنى گۈللەندۈرۈش ۋە ئامانلىق ھېس قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

دېمەك، ھاكىمىيەتكە ئالاقىدار ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ پرىنسىپ ۋە مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىش پۇرسىتىگە قولايلىق يارىتىپ بەرگەن.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# سىياسەتنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپ ۋە ئاساسلىرى

شەرىئەتنى تەتبىقلاش، جەمئىيەتنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن رەتكە سېلىش ئۈچۈن ھاكىم ۋە دۆلەت تۇرغۇزۇش، ئادالەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش، دۆلەتنى كېڭەش ئاساسىدا باشقۇرۇش، بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىكنى قوغداش، ئىتائەت قىلىش، قېرىنداشلىق، ئۈممەتنىڭ ئىگىدارچىلىقى، ھاكىمدىن ھېساب ئېلىش، ئىنسان ھوقۇقلىرى، ئىجتىمائىي كېپىللىك، دىنى ۋە دۇنيالىق ئىشلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر بىرىنى تولۇقلاش، يارامىلىق كىشىلەردىن پايدىلىنىش، ھاكىمىيەت ياكى دۆلەت ئۇقۇمىدىن ئايرىلماسلىق، ھاكىم ۋە مەھكۇمغا نەسىھەت قىلىش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، كېلىشىمگە ۋاپا قىلىش، مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، زۇلۇم ۋە بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇرۇش، ئىسلام دەۋىتىنى يەتكۈزۈش، شەرىئەتنىڭ زۆرۈر مەقسەتلىرىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن سىياسەت يۈرگۈزۈش...قاتارلىقلاردىن ئىبارەت مەسىلىلەر ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىكى پرىنسىپلار ۋە ئاساسلىق قائىدىلەر سانىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ سىياسىي قىممەت قارىشىدا، ياراتقۇچى ئىنساننىڭ ئورنىنى ۋە ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ يەككە ۋە كوللېكتىپ ھاياتىدا ھىدايەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىسلامنىڭ

سىياسىي قىممەت قارىشىدا ئىنسان ئىبادەت قىلىش جەھەتتىن تاللاش ئىرادىسىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ مۇھتەرەم مەخلۇق بولۇپ، باشقا مەخلۇقلار ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان.

ئىنسان زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىشتا ياراتقۇچىنىڭ ئىزباسارى ئورنىدا تۇرىدۇ. ئىزباسارلىق پرىنسىپى ئىنساننىڭ ياراتقۇچىغا ئىختىيارى ھالدا ئىبادەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئىنسان زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە ئىزباسار بولغانلىقى ئۈچۈن ھاياتلىق، ئەركىنلىك، ئىگىدارچىلىق ۋە ئىززەت - شەرەپكە ئوخشاش ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان ھوقۇقلار بىلەن بەھرىمەن بولىدۇ.

شۇنداقلا ئىسلامنىڭ سىياسىي قىممەت قارىشىدا، تەۋھىد ئۇقۇمى پۇقرالارنىڭ ھاكىملارغا ئىبادەت قىلىشنى ياكى ئۇلارغا مۇقەددەسلىك تونىنى كىيدۈرۈشنى ياكى ئۇلارغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانداق بىر ھاكىم مۇقەددەسلىك سۈپىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. سىياسىي تۈزۈم كېڭەش، ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە سىياسىي كېلىشىم ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدە ئۈممەت ئاساس، ھاكىم ئۈممەتنىڭ خىزمەتچىسى سانىلىدۇ، ھاكىم بىلەن مەھكۇم ئىلاھىي شەرىئەتنىڭ ئالدىدا باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ. سىياسىي ھوقۇق ئۈممەت ياكى پۇقرانىڭ قولىدا بولىدۇ، ئۈممەت بۇ ئامانەت ياكى مەسئۇلىيەتنى خالىغان كىشىگە تاپشۇرۇش، خالىغان كىشىدىن تارتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. چۈنكى سىياسىي ھوقۇق ئۈممەتنىڭ قولىدا بولىدۇ، ئۈممەت ھوقۇق ئىگىسى ۋە ھاكىمنىڭ سىياسىي جەھەتتىن قانۇنلۇق بولۇشىنىڭ مەنبەسىدۇر.

سىياسەت ئىسلام دىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ۋە ھالقىلىق پرىنسىپىدۇر، چۈنكى تەۋھىدنىڭ خاراكتېرى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ روھى ۋە ماددى جەھەتتىن بىرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا سىياسىي بوشلۇق ھالىتىدىكى بىر مۇھىتتا تۇغۇلۇپ، بىر قانچە يىلدىن كېيىن دۆلەتكە ئايلانغان، رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدىلا مۇكەممەل دۇنياۋى دىن ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى پۈتۈن كونترول قىلىپ تۇرغان دۇنياۋى سىستېمىلىق دۆلەت شەكلىنى بولغان.

ئىسلامدا دۆلەت تۇرغۇزۇش، سىياسىي رەھبەر سايلاش، سىياسىي ھاكىمىيەتنىڭ ئاستىغا كىرىش ۋە سىياسىي جامائەت ئىچىدە ياشاشقا بۇيرۇغان ھۆججەتلەر قۇرئان، سۈننەت ۋە ئىجمادا كۆپ كەلگەن. چۈنكى دۆلەت ياكى سىياسىي ھاكىمىيەت بولمىسا دىننى ھىمايە قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى توغرا باشقۇرۇش، ئادالەت، باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىكنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش، مۇسۇلمانلارنى قوغداش، مەزلۇملارغا ياردەم بېرىش، بۇزغۇنچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش، دۈشمەن ياكى تاجاۋۇزچىلارغا رەددىيە بېرىش... كەبى ئوخشاش ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. شەرىئەتنىڭ بۇيۇك مەقسەتلىرى دەل بۇ ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ.

ئىسلام دىنى ئادالەتنى پەرز قىلدىغان ۋە ئادالەتتىن تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ئېھسان (ئەڭ گۈزەل شەكىلدىكى ياخشىلىق) دەرىجىسىنى تەشەببۇس قىلدىغان شەرىئەتتۇر: «ئاللاھ ئادالەتكە ۋە ئىشلارنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» (نەھل سۈرىسى 90 ـ ئايەت). بۇنىڭغا ئاساسەن دىن ۋە دۆلەت بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. دېمەك، سىياسەت ۋە دۆلەت تەۋھىدنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى تەۋھىد بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر، چۈنكى تەۋھىد ئىسلامنىڭ جەۋھىرى، ماھىيىتى ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدۇر. تەۋھىد تارىخ يارىتىش پرىنسىپى، ئەخلاق پرىنسىپى، ئىجتىمائىي تۈزۈم پرىنسىپى، سىياسىي تۈزۈم پرىنسىپى، ئىقتىسادى تۈزۈم پرىنسىپى ۋە دۇنياۋى تۈزۈم پرىنسىپىدۇر. تەۋھىد ئۇقۇمى ئىلاھىي ھىدايەتنىڭ بارلىق كىشىلەرگە يارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تەۋھىد ھەقىقەت، كائىنات، ئىنسانىيەت ھاياتى ۋە ئاقىۋەتكە قارىتا ئومۇمىي دۇنيا قارىشىدۇر. تەۋھىد ئىسلامدىكى ئومۇمى ھايات تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەر بىر ئاملىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەۋھىد ئۇقۇمىدا ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى مەخلۇقلارنىڭ يارىتىلىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە تۈزۈمىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.

تەۋھىد ئۇقۇمى ھايات ۋە كائىناتنى چۈشىنىش دائىرىسىنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئىنسانىي ئالاقە ئاساسلىرىنى تەۋھىد ئاساسىدا تۇرغۇزىدۇ. تەۋھىد ئۇقۇمى كائىناتنىڭ يارىتىلىش بىرلىكىنى، ھايات ۋە ئىنسان بىرلىكىنى، يارىتىلىش غايىسىنى، يارىتىلىش غايىسى بىلەن كائىناتنىڭ بىر بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. تەۋھىد ئۇقۇمى ھوقۇق، ئىنسانىي ھۆرمەت، ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە ئىنسانىي مەسئۇلىيەتتە ئادالەت، كېڭەش ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپلىرىغا ئېيسىلىپ مېڭىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

تەۋھىدنىڭ مەزمۇنى ئىدىيە ۋە ھايات تۈزۈملىرىنىڭ ھەممىسىدە نامايان بولىدۇ. تەۋھىدنىڭ سىياسىي مەيداندىكى قىممەت قارىشى ئۈممەتنىڭ بىرلىكىدە كۆرۈنىدۇ، ئۈممەتنىڭ بىرلىكى ئىسلامنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى سانىلىدۇ.

# ھاكىمىيەت ئۇقۇمى ۋە تۈرلىرى

## 1. ھاكىمىيەت ئۇقۇمىنىڭ ماھىيىتى

شەرئى ھاكىمىيەت ئاتالغۇسىدىن مەقسەت مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەن بولىدۇ. شەرئى ھاكىمىيەتنىڭ مەنبەسى: ۋەھىي، كائىنات قانۇنىيەتلىرى ۋە ئىجتىھاد قىلىدىغان ئىنسان ئەقلىدىن ئىبارەت.

ھاكىمىيەتنىڭ مەقسىتى: ئاللاھنى تونۇش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، شۇنداقلا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش، ئىككى دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

قۇرئان ھاكىمىيىتى ياكى ۋەھىينىڭ ھاكىمىيىتى دېگەن ۋاقىتمىزدا ئىنسان قۇرئاننىڭ ئادالەت، ئامانەت، ئەركىنلىك ۋە ھىدايەت...دېگەنگە ئوخشاش تەقەززالىرىنى رېئاللىققا ئاشۇرۇشتىن مەسئۇل بولىدۇ. ئىنساننىڭ قۇرئاننى كائىنات قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەپەككۇر قىلىشى، ئىجتىھاد ئىچىدە ئوقۇشى ۋە شۇ ئاساستا قائىدىلىك نەتىجىلەرنى يەكۈنلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 2. ھاكىمىيەتنىڭ تۈرلىرى

### 1) *ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتى*

ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتى يارىتىش، پەيدا قىلىش ۋە قانۇن يولغا قويۇش پرىنسىپى ئاساسىدا بەلگىلىنىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى يارىتىش ۋە شەكىللەندۈرۈش ھاكىمىيىتى بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئىرادىسىدە نامايان بولىدۇ، كائىناتنى بىر پۈتۈن كونترول قىلىپ تۇرىدۇ، يارىتىش

ھاكىمىيىتىدە كائىنات قانۇنىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا بويسۇنىدۇ. يەنە بىرى ئاللاھنىڭ دىنىي كۆرسەتمىلىرىگە ئالاقىدار قانۇن چىقىرىش ھاكىمىيىتى بولۇپ ئاللاھ، كائىنات، ئىنسان ۋە قانۇن چىقىرىش نەزەرىيىسىگە ئالاقىدار تەسەۋۋۇرلاردا نامايان بولىدۇ. قانۇن چىقىرىش ھاكىمىيىتى ئىتائەت قىلىش ۋە شەرئىي ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

### 2) ۋەھيىنىڭ ياكى شەرىئەتنىڭ ھاكىمىيىتى

ئۇ ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ ئەمەلىي يۈزى ۋە ئىلاھىي ئىرادىنىڭ تەتبىقلىنىش تەرىپى بولۇپ، ئۇنىڭدا يارىتىش مەقسەتلىرى ۋە مەخلۇقلارنىڭ ۋەزىپىسى نامايان بولىدۇ. ئۇ بىۋاسىتە ۋەھيىدىن ئېلىنغان ھۆكۈم بولسۇن ياكى ئىجتىھاد يولى ئارقىلىق ئېلىنغان ھۆكۈم بولسۇن شەرئىي ھۆكۈم دەپ ئاتىلىدۇ.

شەرئىي ھاكىمىيەت دېگەندىن مەقسەت ھاكىمنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈنلۈكىنى، ۋەھيىنىڭ شەرئىي دەلىللەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئالىملارنىڭ ئارىسىدا بۇ دەلىللەرنىڭ ئىچىدە ئىتتىپاققا كەلگەن ۋە ئىتتىپاققا كەلمىگەن دەلىللەر بارلىقىنى، دۆلەتنىڭ بارلىق ئورگانلىرىنىڭ شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپلىرى ۋە قائىدىلىرىگە بويسۇنۇشىنى، ئىجتىھادى ئەھكاملارنىڭ شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپلىرى، ئومۇمىي مەقسەتلىرى ۋە ھالقىلىق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

### 3) ئىنساننىڭ ھاكىمىيىتى ياكى ئەقىلنىڭ ئىجتىھادى

ئۇ ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە زېمىندا شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىزباسارلىق قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈشتە

بەلگىلىنىدۇ. ئەقىلنىڭ ئىجتىھادى ياكى ھاكىمىيىتى ۋەھىي بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتىدە نامايان بولىدۇ. چۈنكى بارلىق ئەھلى سۈننى ئۆلىمالىرى ئەقىلنىڭ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىجتىھاد قىلىش ئىقتىدارىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئالقىشلايدۇ، ئەقلى يەكۈنلەرگە ئىلاھىي ھاكىمىيەت سۈپىتىنى بېرىش ئىسلام ئىدىيەسى كۆزقارىشى بويىچە توغرا بولمايدۇ.

شەرئى ھاكىمىيەت ئەقىلنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئىجتىھادى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ئەقىل ۋەھىيدىن بىھاجەت بولالمايدۇ، ۋەھىيمۇ ئەقىلدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ئەقىلنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنىنى دېگەندە ئۇنى ھەر قانداق ئەھۋالدا نەقىلنىڭ ئالدىغا قويۇش دېگەن مەنانى بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى شەرئى ھۆججەتلەرنى چۈشىنىش، تەھلىل قىلىش ۋە دەلىل كەلمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدىنىشتە ئەقىلنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ھوقۇقى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەقىلنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى ۋەھىينى تەپەككۇر قىلىش ئاساسىدا نامايان بولىدۇ. تەپەككۇر قىلىش، ئىجتىھاد قىلىش ۋە ئىزدىنىشنى تەقەززا قىلىدىغان شەرئى دەلىللەر بار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقىلنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئەقىل ئىلاھىي ۋەھىينى چۈشىنىشنىڭ تۈگۈنى، ۋەھىينىڭ ھامىيسى، مەقسەتلىرىنى ئېچىپ بەرگۈچى ۋە شەرئى مەسئۇلىيەتكە تارتىلىشنىڭ ئاساسىدۇر. ئاللاھ ئەقىل ئارقىلىق تونۇلغان، ئاللاھنىڭ ۋەھىيسى ئەقىل ئارقىلىق چۈشىنىلگەن ۋە پەيغەمبىرى ئەقىل ئارقىلىق تەستىقلانغان. بۇ ۋەجىدىن كۆپلىگەن ئايەتلەر ئەقىلنى نەزەر يۈرگۈزۈش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا قىزىقتۇرغان، سەۋەبلەرنى نەتىجىلىرىگە باغلىغان، مۇقەددىمىدىن نەتىجىلەرگە يۆتكەلگەن. شۇڭا ئىسلام

پىكرى (ئىدىيەسى)دە نەقىل بىلەن ئەقىل ئارىسىدا زىتلىق كۆرۈلمەيدۇ.

ئەقلى ھاكىمىيەت ياكى ئەقلى نەزەر يۈرگۈزۈش مەيدانى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى تۈرى كائىنات بولۇپ، بۇ مەيداندا ئەقلىنىڭ نەزەر يۈرگۈزۈش، تەپەككۇر قىلىش، ئىچىش، دەلىل كۆرسىتىش، سەۋەبلەرنى نەتىجىلەرگە، پىرىنسىپال مەسىلىلەرنى تارماقلىرىغا، مەقسەتلەرنى ۋاسىتىلەرگە باغلاشتا تولۇق ھوقۇقى بولىدۇ. پىكىر، روھ ۋە نەپسىنىڭ بارلىق ئىنىرگىيەلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيەتلىرىنى كەشىپ قىلىشتا كۆرۈنىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى: ۋەھيىگە قاراپ چىقىش، شەرئى ھۆججەتلەرگە ئىجتىھاد ۋە ئىزدىنىش نەزىرى بىلەن قاراشتا نامايان بولىدۇ. ئىجتىھاد ھەرىكىتى ئەقلى ۋە پىكرى ھەرىكەت بولۇپ، شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىجتىھاد نەزەرىيىۋى ياكى ئەمەلىي بولۇپ ۋەھيىنى ئەمەلىي ھاياتقا باغلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇقۇمى كەسكىن شەرئى ھۆججەتلەردە نەزەرىيىۋى ئىجتىھاد قىلىنمايدۇ، ئۇقۇمى كەسكىن بولمىغان ھۆججەتلەردە ئىجتىھاد قىلىنىدۇ، ئىجتىھاد دېگەن ئىلمىي سالاھىيىتى يەتكەن ئادەملەرنىڭ ئەقلى ھەرىكىتى ۋە تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسى دېمەكتۇر.

دېمەك، ھاكىمىيەت دېگەن سۆز ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتى«ئىلاھىي ھاكىمىيەت»، ۋەھىي ھاكىمىيىتى «شەرىئەت ھاكىمىيىتى» ۋە ئاللاھنىڭ ئىزباسارى بولغان «ئىنسانىي ھاكىمىيەت» (ئەقىل ھاكىمىيىتى) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ ۋە ھەر بىر تۈرنىڭ دائىرىسى بولىدۇ.

## 3. شەرىئەت ھەر زامان تەتبىقلاشقا يارايدۇ

ئىنسان ۋە كائىناتنى ياراتقان، كائىناتتىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ رىزقىنى بېرىۋاتقان ياراتقۇچى كائىناتنىڭ ئىگىسىدۇر. بۇ زات ئىنساننى قايسى نەرسىنىڭ ئىسلاھ قىلالايدىغانلىقىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچى زات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانغا توغرا يولنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھايات خەرىتىسى ۋە يولباشچى بولغان قۇرئان كەرىمنى چۈشۈرگەن.

قۇرئان كەرىم بولسا ئەھكاملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىرىنى ئىنتىزامغا سېلىشى ۋە ھايات يۆنىلىشىنى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە تەرتىپكە سېلىشى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن كىتابتۇر. بۇ دىنىمىزدا ھەر بىر مۇسۇلمان بىلىشكە تېگىشلىك ئۇقۇمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈممەتنىڭ ئىدىيە، تۇيغۇ ۋە ئىش - ھەرىكەت بىرلىكىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان ئۆزگەرمەس پرىنسىپلارنى تەمسىل قىلىدۇ.

ئىسلام شەرىئىتىدە ھەر دەۋر ۋە ھەر ماكاندىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ھەل قىلغۇدەك خۇسۇسىيەت تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن شەرىئىتىنى ئەڭ ئاخىرقى شەرىئەت قىلغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ تۇرۇش ۋە كىتابلارنى چۈشۈرۈپ تۇرۇشنى تەقەززا قىلغان بولاتتى. ئىسلام شەرىئىتى ھەر زامان ۋە ھەر ماكان ئۈچۈن ماس كېلىدۇ، چۈنكى ئىسلام دىنى سىياسىي تۈزۈملىرىدە پرىنسىپال ۋە قائىدە خاراكتېرلىك كۆرسەتمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تارماق ۋە تەپسىلاتىنى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا يارامىلىق ئۆلىمالارنىڭ ئىزدىنىشىگە تاپشۇرغان. ئىسلام شەرىئىتىنى ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا ماس كەلمەيدۇ،

دەپ قاراش دىن دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ ياكى ئازغۇنلۇققا باشلاپ بارىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەنىسى دىن دېمەكتۇر. شەرىئەت دېگەن ئاتالغۇ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، ئەھكام ۋە تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئاندىن سېنى بىز دىن ئىشىدا ھەقىقەتكە يەتكۈزىدىغان مۇقىم شەرىئەت ۋە توغرا بىر مېتودتا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن» (جاسىيە سۈرىسى 18 ـ ئايەت).

شەرىئەتنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە تۈرلۈك ئەھكاملىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ـ ھۆكۈمەت ئەمەس ـ مۇسۇلمانلار ھاياتىدا تەتبىقلاپ كەلمەكتە. ئازغىنا بىر قىسمىنى تەتبىقلاش ھۆكۈمەتكە باغلىق.

ئىسلامنىڭ مەڭگۈلۈك كۆرسەتمە ئىكەنلىكىنىڭ تەقەززاسىدىن زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدىغان نەرسىلەر كەڭرى يول كۆرسىتىدىغان ھۆججەتلەر سۈپىتىدە ئىخچام بايان قىلىنغان. زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىلەر تەپسىلى بايان قىلىنغان.

مەسىلەن، كېڭەش، ھۆكۈمەت شەكلى، خەلقئارا ئالاقە، سانائەت ۋە ئىقتىساد ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش، ھەربى تۈزۈم شەكىللىرىگە ئوخشاش سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئاساسلىرى ئىخچام بايان قىلىنغان، چۈنكى بۇلار زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىتا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇ توغرىدا ئىخچام ئاز دەلىل ـ پاكىتلار كەلگەن. ئىسلامدا دەلىل كۆپ بولسا ئىجتىھاد دائىرىسى تارىيىدۇ، دەلىل ئاز بولسا، ئىجتىھاد دائىرىسى كېڭىيىدۇ. مانا بۇ

ئىسلام دىنىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا يارايدىغان ئۇلۇغلۇقى ۋە مۇكەممەللىكىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرىدۇر. بەزى ۋاقىتلاردا شەرىئەت ئەقلىنىڭ ئىزدىنىشى ۋە ئىجات قىلىشى ئۈچۈن بەزى ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەر ھەققىدە ھېچقانداق قانۇن يولغا قويماي سۈكۈت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ مۇئەييەن پەرزلەرنى پەرز قىلدى، ئۇنى زايە قىلىۋەتمەڭلار. مۇئەييەن بەزى چەك - چېگرىلارنى بەلگىلەپ بەردى، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتمەڭلار. بەزى ئىشلارنى ھارام قىلدى، ئۇنى دەپسەندە قىلماڭلار. بەزى ئىشلارنى سىلەرگە كۆيۈنۈپ سۈكۈت قىلدى، ئۇ توغرىدا ئىزدىنىپ ئولتۇرماڭلار» دېگەن (دارى قۇتنى رىۋايىتى).

ئىجتىھادى مەسىلىلەردىكى ئىجتىھاد كۆز قاراشلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىرايدۇ، يېڭىدىن ئىجتىھاد قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ، بۇرۇنقى باسقۇچ دائىم كېيىنكى باسقۇچقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بىرەر ساھەدە دەلىل ئاز بولغان ئىكەن ئىجتىھاد كۆپ بولىدۇ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى ئىجتىھادى كۆز قاراشلار تۇغۇلىدۇ. مۇجتەھىد سىياسىيون ئىمام جۇۋەينى: «ھاكىمىيەت، سىياسەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار شەرئى سىياسەت مەسىلىلىرى دەلىلنىڭ ئازلىقىدىن ئىجتىھاد ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىشلاردۇر» دېگەن (غىياس ئۇمەم - جۇۋەينى). دېمەك، ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ھەر زامان ۋە ھەر ماكانغا تەتبىقلاشقا يارايدۇ، بۇ تۈزۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىش پەرز.

## 4. شەرئى ھاكىمىيەتنى تەتبىقلاش پەرز

قۇرئاننىڭ ئىسلاھاتى تايىنىدىغان مۇھىم نۇقتا ئاللاھ بايان قىلغان ئەھكاملار بىلەن ھۆكۈم قىلىشتۇر: «(ئى مۇھەممەد!)

پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار(يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» (نىسا سۈرىسى 65 ـ ئايەت).

يەنى بىرەر مەسىلىدە تالاش ـ تارتىش يۈز بەرسە، يۈز بەرگەن مەسىلىنى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ كۆرسەتمىلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلىڭلار دېمەكچى. ئىماننى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ، شەرىئەتتىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئادەملەردە ئىماننىڭ تەسىرى يوقلىدۇ. كىم بۇ يولدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ ئىماندىن يۈرۈلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ يولىدىن يۈز ئۆرۈش زۇلۇم، خورلۇق، بۇزغۇنچىلىق ۋە زىيانغا باشلاپ بارىدۇ.

ئاللاھ شەرىئەتنى تەتبىقلاشقا بۇيرۇپ: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن» دېگەن (نىسا سۈرىسى 105 ـ بەت). ئاللاھ بۇ ئايەتتە كىشىلەر ئارىسىدا ھېچكىمگە زۇلۇم قىلماستىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇغان، ئادالەت ۋەھيى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتا نامايان بولىدۇ. ئەگەر بىر مەسىلىدە قۇرئان ياكى سۈننەتتە ۋەھيي كەلمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرى روھىغا ئاساسەن ئىجتىھاد قىلىنىدۇ. دېمەك، قۇرئان ۋە سۈننەتتە كەلگەن ئېنىق ھۆكۈم بىلەن يا ئىجتىھاد قىلىنغان ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ ، چۈنكى شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم قىلىش پەرز.

ئاللاھ شەرىئەتتە بايان قىلغان ھۆكمىدىن چىقىپ كېتىشكە

بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ (يەنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان ئىكەن، ھېچ ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشىغا بولمايدۇ)، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپ ـ ئوچۇق ئازغان بولىدۇ»دېگەن (ئەھزاب سۈرىسى 36 ـ ئايەت).

شەرىئەتكە ئىتائەت قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرز: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن سايلانغان ئىش ئۈستىدىكى مەسئۇللارغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ(يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر» (نىسا سۈرىسى 59 ـ ئايەت). بۇ ئايەتتە ئاللاھ مۆمىنلەرنى ئاللاھ چۈشۈرگەن ۋە رەسۇلۇللاھ بايان قىلىپ بەرگەن ھۆكۈملەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ قالسا، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە مەقسەتلىرى ئاساسىدا ھەل قىلىشقا بۇيرۇماقتا. مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلغان ئادەمنىڭ ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدىن باش تارتىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ، شۇنداقلا ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ پرىنسىپلىرى، ئاساسلىرى، مەقسەتلىرى ۋە قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئالماشتۇرۇش ھەققى بولمايدۇ.

قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئەھكاملىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ،

ئۇقۇمى كەسكىن بولغان ئەھكاملارنى ئۆزگەرتىش قەتئىي توغرا بولمايدۇ. ئۇقۇمى ئېھتىمالى بولغان ئەھكاملاردا ئالىملارنىڭ چۈشەنچىسى پەرقلىق بولىدۇ، ئۇقۇم ئېھتىمالى بولغان ئىكەن ئىجتىھادنى قوبۇل قىلىدۇ، ئىجتىھاد قىلىنغاندا بىر قانچە تۈرلۈك كۆز ـ قاراش ھاسىل بولىدۇ، ئىجتىھادى قاراشلارنىڭ ئەڭ پايدىلىق دەپ قارالغىنىنى تۇتۇپ ماڭسا بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاننى پەقەتلا ئوقۇپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھۆكۈم قىلىش ۋە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن چۈشۈرگەنلىكىنى پەيغەمبەرگە قىلىنغان خىتاب بىلەن مۇسۇلمانلارغا قاراتماقتا: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن» (نىسا سۈرىسى 105 ـ ئايەت). قۇرئان كەرىم ئىبادەت، سودا ـ سېتىق، ئىقتىسادى مۇئامىلە ئىشلىرى ۋە سىياسەتتىن ئىبارەت بارلىق ئەھكاملاردا ئەمەل قىلىنىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن.

سىياسىي ساھەدە ئاللاھ كۆرسەتكەن نەرسە دەلىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئادالەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «ئاللاھ كىتاب (يەنى قۇرئان)نى ھەق بىلەن نازىل قىلدى ۋە ئادالەتنى نازىل قىلدى» (شۇرا سۈرىسى 17 ـ ئايەت). ئادالەتتىن مەقسەت ۋەھيىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ۋەھيىنىڭ مەقسىتىگە تايانغان ئەقلىنىڭ نۇرىدۇر.

ئاللاھنىڭ چۈشۈرگەن كۆرسەتمىسى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان كىشى ئەھۋالىغا قارىتا يا كاپىر، يا زالىم، يا پاسىقتۇر. شەرىئەتنىڭ ئېنىق ۋە كەسكىن ئەھكاملىرىدىن يۈز ئۆرىگەن كىشى شارائىتىغا قارىتا يا كاپىر بولىدۇ ياكى زالىم بولىدۇ يا پاسىق بولىدۇ.

قۇرئـان كەريـم مائىـدە سۈرىسـىدە: «بىـز ھەقىقەتـەن (مۇسـاغا) تەۋراتنــى نازىــل قىلــدۇق، تەۋراتتــا ھىدايــەت ۋە نــۇر بــار، پەيغەمبەرلـەر يەھۇدىيـلار ئارىسـىدا (تـەۋرات بىلـەن) ھۆكـۈم قىلىـدۇ، (يەھۇدىيلارنىـڭ) ئۆلىمالـىرى (ئۆزگـەرتىشـتىن) ساقلاشـقا بۇيرۇلغـان كىتابۇلـلا (يەنــى تەۋرات)بويىچـە ھۆكـۈم قىلىـدۇ، ئـۇلار تەۋراتنــى (ئۆزگـەرتىشـتىن ساقلاشـقا) نازارەتچـى ئـىدى. (ئـى يەھۇدىيلارنىـڭ ئۆلىمالـىرى!) كىشـىلەردىن قورقمـاڭلار، مەندىـن قورقـۇڭلار. مېنىـڭ ئايەتلىرىمنـى ئـاز پۇلغـا تېگىشـمەڭلار، كىملەركـى ئاللاھ نازىـل قىلغـان ئايەتلـەر بويىچـە ھۆكـۈم قىلمايدىكـەن، ئـۇلار كاپىـرلاردۇر. ئۇلار(يەنـى ئىسـرائىل ئەۋلادى)غـا تەۋراتتـا شـۇنداق بەلگىلىدۇقكـى، جانغـا جـان، كۆزگـە كـۆز، بۇرۇنغـا بـۇرۇن، قۇلاققا قـۇلاق، چىشـقا چىـش ۋە (كىشـىنى) قانـداق يارىـدار قىلغـان بولسـا شـۇنداق يارىـدار قىلىنىـش بىلـەن قىسـاس ئېلىنىـدۇ، كىمكى(جىنايەتچىنـى) ئەپـۇ قىلسـا بـۇ ئۇنىڭغـا كەففـارەت بولىـدۇ، ئاللاھ نازىـل قىلغـان ئايەتلـەر بويىچە ھۆكـۈم قىلمايدىغـان كىشـىلەر زالىملاردۇر. ئۇلارنىـڭ ئارقىسـىدىن ئۆزىدىـن ئىلگـىرى نازىـل قىلىنغـان تەۋراتنـى ئېتىـراپ قىلغۇچـى ئىسـا ئىبـن مەريەمنـى ئەۋەتتـۇق، ئۇنىڭغـا ھىدايـەت بىلـەن نۇرنــى ئــۆز ئىچىگــە ئالغــان ئىنجىلنــى ئاتــا قىلــدۇق، (ئىنجىــل) ئۆزىدىـن ئىلگـىرى نازىـل قىلىنغـان تەۋراتنـى ئېتىـراپ قىلغۇچىـدۇر، تەقۋادارلارغـا ھىدايـەت ۋە پەنـد ـ نەسـىھەتتۇر. ئەھلى ئىنجىللار(يەنـى ناسـارالار) ئاللاھ ئىنجىلـدا نازىـل قىلغـان ئەھكاملار بويىچـە ھۆكـۈم قىلسـۇن، ئاللاھ نازىـل قىلغـان ئايەتلـەر بويىچـە ھۆكـۈم قىلمىغانـلار پاسـىقلاردۇر» (مائىـدە سۈرىسـى 44 ـ 47 ـ ئايەتلـەر).

بـۇ ئايەتلـەر توغرىسـىدىكى ئوتتۇراھالىقتـا ئىگـە تەپسـىر ئىبنـى ئاببـاس، تـاۋۇس، ئاتـا ۋە ئىبنـى جۇبەيرنىـڭ تەپسـىرى بولـۇپ،

ئۇلار بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كۇپپۇرلۇق دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان كاپىرلىق ئەمەس، بەلكى كۇپپۇرلۇقنىڭ بىر تۈرى دېگەن مەزمۇننى تەكىتلىگەن. جۇمھۇر (كۆپ سانلىق) ئۆلىمالار بۇ يەردىكى كۇپپۇرلۇقنى «كىچىك كۇپپۇرلۇق» دەپ قارىغان. خاۋارىجلار بولسا بۇ ئايەتلەرنى دەلىل قىلىپ دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كاپىر بولىدۇ، دەپ ھۆججەت قىلغان.

ئىبنى ئابباستىن كەلگەن يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ ئىككى تۈرنى ئايرىپ: كىم ئاللاھ چۈشۈرگەن ئىنىق ھۆكۈمگە تانسا كاپىر بولىدۇ، ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلمىسا، زالىم ۋە پاسىق بولىدۇ، دېگەن ((تەپسىر تەبەرى، 6/252 بەت).

ئىسلامنىڭ ھايات تۈزۈمى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ياكى ئېتىراپ قىلىدىغان ھاكىم ئاجىزلىق ياكى نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ بەزى مەسىلىلەردە بۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا ئۇ دەرىجىسىگە قارىتا زالىم ياكى پاسىق بولىدۇ. شەرىئەتنى ئىنكار قىلىدىغان ياكى سالاھىيىتى يوق دەپ قارايدىغان ھاكىم كاپىر بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئېتىراپ قىلىدىغان ئىككى تۈرلۈك ھاكىمنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

داڭلىق مۇپەسسىر رەشىد رىزا مائىدە سۈرىسىدىكى بۇ ئايەتلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ چۈشۈرگەن ئەھكاملارنى تاشلاپ قويغانلار ئەھۋالىغا قارىتا بۇ ئۈچ تۈرلۈك سۈپەتنىڭ بىرسىگە چۈشىدۇ ياكى ھەممىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. كىم شەرىئەتنىڭ ئوغرىلىق قىلىش، تۆھمەت قىلىش ياكى زىنا قىلىش ھەققىدىكى كەسكىن ئەھكاملىرىنى قەبىھ ساناپ ياكى ياراتماستىن، باشقا قانۇن بىلەن ھۆكۈم قىلسا، كەسكىن كاپىر بولىدۇ. كىم ئۇ ھۆكۈملەرنى باشقا بىر سەۋەبلەر تۈپەيلى ھۆكۈم قىلمىسا ھەق ـ

هوقۇق ۋە ئادالەتنى تاشلىغانلىق سەۋەبىدىن زالىم بولىدۇ، كىم بىكاردىن ـ بىكار هۆكۈم قىلمىسا پاسىق بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى ھەققىدە كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئاللاهقا ئىتائەت قىلىدىغان، ئىسلامنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەتنى باشقۇرىدىغان بىر كۈنىنىڭ كېلىشىگە تەلپۈنىدىغان بىر كىشى بولسا، ئۇ ئادەم ئاللاھ يولىدىكى مۇجاهىد سانىلىدۇ. چۈنكى شەرىئەتنى تەتبىقلاش بىراقلا بولمايدۇ، بەلكى تەدرىجى قەدەمدە هاسىل بولىدۇ. شەرىئەتنى تەتبىقلاش پەقەت جىنايى ئىشلارنى تەتبىقلاش بىلەن بولمايدۇ، جىنايى ئىشلار شەرىئەتنىڭ پەقەت 10% گە يېقىن قىسمىنى تەمسىل قىلىدۇ. شەرىئەتنىڭ تۈزۈملىرى، كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەهكاملىرى بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ قالمايدۇ.

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە باركى، بىر ئىنساننى كاپىر ياكى زالىم ياكى پاسىق دەپ سۈپەتلەش ئاسان ئىش ئەمەس. بۈگۈنكىدەك مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىغا تولۇق ئىگە بولالمايۋاتقان بىر زاماندا، مۇناسىپ شارائىتنىڭ يېتىلمىگەنلىكىدىن تەدرىجى ئىسلاهات يولىنى تۇتقان بەزى هاكىملارنى كاپىر ياكى زالىم دەپ سۈپەتلەش توغرا ئەمەس. شارائىت يار بەرگەن مۇھىت بىلەن يار بەرمىگەن مۇھىتتىكى هۆكۈم پەرقلىنىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا شارائىت يار بەرمىگەنلىكتىن ئىككى زىيان ۋە ئىككى يامانلىقنىڭ يەڭگىلرەكىنى تۇتۇپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.

### 5. شەرئى هاكىمىيەتنىڭ ئاساسلىرى

شەرىئەت ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋەهيي قىلىش ئارقىلىق يولغا قويغان قانۇن ـ تۈزۈمىدۇر. شەرىئەت ئەقىدە بىلەن بىرلىكتە

دىنىنىڭ پۈتۈنلىگىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسان ئەقلىگە تامامەن ئۇيغۇن خەلقئارالىق بىر شەرىئەت بولۇپ، ئۆزگىرىشچان مەسىلىلەردە پرىنسىپ، قائىدە ۋە ئانا مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۆزگەرمەيدىغان مەسىلىلەرنى تەپسىلى بايان قىلغان.

قۇرئان كەرىم پرىنسىپال ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، چۈنكى بۇ كىتابنىڭ ھەقىقى ۋەزىپىسى ئىسلام تۈزۈمىنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق ئاساسلىرىنى سىزىپ بېرىدۇ. ئىجتىھاد ساھىبلىرى بۇ پرىنسىپ، قائىدە، مەقسەت ۋە ئاساسلار دائىرىسىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدۇ.

شەرىئەتتە كەلگەن ھۆججەتلەر ئىسپاتلىنىش جەھەتتىن ياكى ئۇقۇم جەھەتتىن ياكى ھەر ئىككى جەھەتتىن كۆپلۈك ئېھتىماللىقتا ئىگە بولسا، بۇ ھۆججەتلەر توغرىسىدا چۈشەنچىلەر تۈرلۈك بولىدۇ، ئىجتىھاد خىلمۇ خىل بولىدۇ، نەتىجىدە يەكۈنلەنگەن ھۆكۈملەرمۇ ئوخشىمايدۇ.

شەرىئەتتە كەلگەن ھۆججەت بىرەر پرىنسىپ ياكى قائىدە ياكى مەقسەت ياكى قانۇن چىقىرىش پەلسەپىسىنىڭ مەنبەسى بولسا، يەنىلا ئىجتىھاد تۈرلۈك بولىدۇ ۋە ئوخشىمىغان يەكۈنلەر خۇلاسىلىنىدۇ. بۇ مەسىلە بىر دەۋر ۋە ئوخشاش شارائىتتىمۇ ئىجتىھادنىڭ تۈرلۈك بولۇشى بىلەن خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ.

ئىنسانلار ئىلاھىي شەرىئەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى چۈشىنىشتە، قانۇنلاشتۇرۇشتا ۋە تەتبىقلاشتا ئاللاھنىڭ ئىزباسارلىرىدۇر، چۈنكى بىر ئىلاھىي شەرىئەت دائىرىسى ئىچىدە ئىنسانىنىڭ ئىجتىھادى تۈرلۈك بولىدۇ، بۇ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئېنىق بىر ھەقىقەت.

يەنــى ئاللاھنــڭ ھاكىمىيتــى شــەرىئەت يولغــا قويــۇش بولســا، ئىنسانىنىڭ ھاكىمىيتى شەرىئەتتە كەلگەن ھۆججەتلەرنى ئىلاھىي شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە ئاساسلىرى ئىچىدە چۈشىنىش ۋە تەتبىقلاشتۇر.

بۇنىڭ ئەمەلىي بىر مىسالى شۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانلىرىغا شۇنداق بىر ۋەسىيەت قىلغان. ئەگەر ئۇلار بىرەر قورغاننى ئازات قىلىپ، ئاھالىسى بىلەن توختام ياكى سۈلھى تۈزگەن ۋاقتىدا، بۇ مەسىلىدە ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ تەپسىلاتىنى كۈتۈپ تۇرماسلىقنى تەۋسىيە قىلغان. رەسۇلۇللاھ ھەربىي قوماندانغا تەۋسىيە قىلىپ: «ئەگەر سەن بىرەر قورغاننى مۇھاسىرىگە ئالغان بولساڭ، ئۇلار سەن بىلەن سۈلھى تۈزمەكچى بولۇپ، سەندىن ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى تەتبىقلاشنى تەلەپ قىلسا، سەن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە تەتبىقلىما. ئۇلارنى ئۆزۈڭنىڭ ئىجتىھاد قىلغان ھۆكمىڭگە چۈشۈرۈپ تۇرۇپ ھۆكۈم بەر، چۈنكى سەن ئۇلار توغرىسىدا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى توغرا قىلامسەن ياكى خاتا قىلىپ قويامسەن، بۇنى بىلمەيسەن» دېگەن (مۇسلىم ۋە تىرمىزى رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ بۇ يەردە قوماندانلارنى شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە قائىدىلىرى ئاساسىدا ئىجتىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇنداقلا شەرىئەت ھاكىمىيتى بىلەن ئىنساننىڭ ئىزدىنىش ھاكىمىيتىنى پەرقلەندۈرۈش ھەققىدە كۆرسەتمە بەرگەن.

بىر شەرىئەت دائىرىسىدە ئىجتىھاد ۋە كۆزقاراشنىڭ تۈرلۈك بولۇشى شەرئى سىياسەت ياكى سىياسىي تۈزۈمدە بەكرەك نامايان بولىدۇ. چۈنكى شەرئى سىياسەتنىڭ كۆپىنچە قىسمى ئىسلام روھىغا ئۇيغۇن تەدبىر ۋە چۈشەنچىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى

پايدا ـ زىيان ئارىسىنى سېلىشتۇرۇش قائىدىلىرى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ.

شەرىئەت ئىبادەت ئىشلىرى، مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە قىممەت ـ قاراش قۇرۇلمىسىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەرگەن بىلەن، مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى ۋە ئۆزگىرىشلىرىنى ئىجتىھاد ئورگىنىغا قالدۇرۇپ قويغان. شۇ سەۋەبتىن ئۆلىمالار، مۇپتىلار ۋە ھاكىملارنىڭ كۆز ـ قاراشلىرى تۈرلۈك بولغان. دېمەك، سىياسەت، دۆلەت ۋە گۈللەندۈرۈش تەدبىرلىرى ئىجتىھاد مەيدانلىرىغا تەۋە ساھەلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىجتىھاد ۋە كۆز ـ قاراشلار بىر ئىلاھىي شەرىئەت ھاكىمىيىتى ئىچىدە تۈرلۈك بولىدۇ.

شەرىئەتتە ئەھكام ساھەسىدە ئۆزگەرمەيدىغان پرىنسىپال ئاساسلار ۋە قائىدىلەر ئاز ھەجىمنى ئىگىلەيدۇ. ئۆزگىرىش ۋە ئىجتىھادنى قوبۇل قىلىدىغان ئەھكاملار كەڭ دائىرىنى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا شەرئى ئەھكاملارنىڭ كۆپىنچىسىدە ـ بولۇپمۇ مەنپەئەت، ئۆرپ ـ ئادەت، زامان ۋە ماكاننىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ھۆكۈم ئۆزگىرىدىغان مۇئامىلە مەيدانلىرىدا ـ ئىجتىھاد تۈرلۈك بولىدۇ.

شەرىئەتنىڭ پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە قائىدىلىرى ئاساسىدا ئىزدىنىش ۋە ئىجتىھاد ئېلىپ بارغان مۇجتەھىدلار، ئۆلىمالار ۋە قازىلارنىڭ تۈرلۈك ھۆكۈملىرى ئىسلام قائىدىسىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك «شەرىئەت ئەھكاملىرى» قاتارىدىن سانىلىدۇ.

شەرىئەت مۇئامىلە ۋە سىياسەتكە ئوخشاش ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مەيدانلاردا پرىنسىپال ئاساس ۋە قائىدىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، تارماقلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە ئىجتىھاد قىلىشنى لاياقەتلىك ئۆلىمالارغا تاپشۇرغان. ئۆلىمالارنىڭ بۇ ساھەلەردە شەرىئەتنىڭ

دەلىللىرى، پرىنسىپلىرى ۋە مەقسەتلىرى ئاساسىدا ئىجتىھاد قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھاد قىلغان قاراشلىرى بىلەن ئەمەل قىلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئۆلارنىڭ ئىجتىھادى ئىنسان بولۇش ئېتىبارى بىلەن خاتالىقتىن خالى بولالمايدۇ، بۇ نۇقتىدا ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھادى قاراشلىرى، خاتالىقتىن خالى بولغان ئىلاھىي شەرىئەتتىن پەرقلىنىدۇ.

دېمەك، ئىلاھىي شەرىئەتنىڭ ھاكىمىيىتىدە ھۆكۈملەر بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ، پەتىۋالار تۈرلۈك بولىدۇ، فىقھي ئىزدىنىش ئىقىملىرى بىر بىرلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، بەلكى بىر ئېقىم ياكى بىر مەزھەپ ئىچىدىمۇ بىر زامان ۋە بىر ماكاندىمۇ كۆز - قاراش تۈرلۈك بولىدۇ.

## ئادالەت تىكلەش

ئادالەت: ئادالەتنىڭ مەنىسى ھاياتلىقنىڭ بارلىق مەيدانلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرماستىن ياكى سۇسلۇق قىلماستىن ئوتتۇراھال يولنى تۇتۇپ مېڭىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئادالەت ئىسلام جەمئىيىتىدىكى مۇئامىلە ۋە ئالاقىنىڭ ئۇلى، دۆلەت ۋە سىياسەت تۈزۈمىنىڭ تۈۋرۈكى، سوت ۋە تۈرلۈك ئىدارە - ئورگانلىرىنىڭ ئاساسي بولۇش سۈپىتى بىلەن ھايات ساھەلىرىنىڭ بارلىق مەيدانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئۇقۇم. ئادالەت ياخشى ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر ۋە شەرىئەتتىكى ئومۇمي پرىنسىپال قائىدىلەرنىڭ ئاساسىدۇر.

ئادالەت بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئاساس ۋە

قىممەت ـ قاراشتۇر، ئادالەت بۇ ئۇممەتنىڭ خىسلىتىدۇر، چۈنكى قۇرئان كەرىم بۇ ئۇممەتنى ھەقىقەت مەسىلىسىدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان ياكى سۇسلۇق قىلمايدىغان ئوتتۇراھاللىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئۇممەت دەپ سۈپەتلىگەن.

ئادالەت جەمئىيەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس. ئادالەت ئارقىلىق جەمئىيەت مەۋجۇتلۇقىنى ئۇزۇنغا سوزەلەيدۇ، ياشلىقىنى يېڭىلاپ تۇرالايدۇ، خاتىرجەملىك ئاتا قىلالايدۇ ۋە سىياسىي ئىسلاھات ھاسىل قىلالايدۇ. بۈرۈنقى ئەسىرلەردە ئىسلام مەدەنىيىتى ئادالەت ئارقىلىق قۇرۇلغان، ئادالەتنىڭ سولغۇنلىشىپ كېتىش سەۋەبىدىن ئاجىزلىششقا باشلىغان، مەدەنىيەت ۋە گۈللىنىشنىڭ خاراب بولۇشى ئادالەتنىڭ يوقىلىشىغا باغلىقتۇر.

كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى تۇرغۇزۇش تۆرلۈك ساھەلەردە سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئادالەت تىكلەشنى تۆرلۈك ئۇسۇللار بىلەن پەرز دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن: «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ»(نەھل سۈرىسى 90 ـ ئايەت). بۇ ئايەت چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سۇسلۇق قىلىش ئارىسىدىكى ئوتتۇراھاللىقنى تەمسىل قىلىدىغان ئادالەتكە بۇيرۇماقتا. ھاياتنىڭ تۆرلۈك ساھەلىرىدە كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەشەببۇس قىلماقتا.

ئادالەت ياكى ئادىللىق كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشنىڭ

ئاساسىدۇر، ئادالەتنى تەتبىقلاش مۇسۇلمانلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى كاپىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئادالەتنى تىكلەش ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ئۈچۈن پەرز ۋە زۆرۈر: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»(نىسا سۈرىسى 58 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىكى «كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن بۇيرۇق سىياسەت، ئىقتىساد، سوت، پەتىۋا ۋە ئىدارە ـ تۈزۈم ئىشلىرىدا ئادالەتنى ئاساس قىلىشنى پەرز قىلماقتا.

ئاللاھ بۇ ئۈممەتنىڭ ئادالەتنى ئۆزىگە ئايرىلماس بىر ئەخلاق ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان تەبىئىي خاراكتېر قىلىشىنى ئىرادە قىلىپ، ھەر قانداق بىر ساھەدە ۋە ياكى بىر ئىشتا دوست ياكى دۈشمەن بولسۇن، تۇغقان ياكى يات بولسۇن ئادىل بولۇشىغا بۇيرۇغان: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغىمۇ) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر» (مائىدە سۈرىسى 8 ـ ئايەت).

ئادالەت ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ھەققى، ئۇ ئىنساننىڭ ئىنسان بولغانلىق ئېتىبارى بىلەن ھەققىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن

يامان كۆرگەن ئىنسانلارغا بولغان نەپرىتىنى ياكى ياخشى كۆرگەن ئىنسانلارغا بولغان يېقىنلىقىنى ئېتىبارغا ئالماستىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش پەرز: «ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ئۇ ئىككىسىدىن ئاللاھ ھەقلىقتۇر، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغىساڭلار(يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر» (نىسا سۈرىسى 135 ـ ئايەت).

ئەلۋەتتە كىشىلەر ئارىسىدا ئادالەت بىلەن يول تۇتماق ئاسان ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ ساقلىغاندىن باشقا ھەر بىر تەرەپ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتنى ئۈچۈن ئۇرۇنىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ئادالەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بەزى توسالغۇلارنى ئېنىق بايان قىلغان. يۇقىرىقى ئايەتتە ئۆزىنىڭ ياكى تۇغقانلىرىنىڭ مەنپەئەتى بولسىمۇ ھەقنى دېيىشكە ۋە نەپسى خاھىشقا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەسلىككە بۇيرۇغان، بۇرۇلۇپ كەتكەنلەرنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان.

قۇرئان كەرىم سىياسەت، ئىقتىساد ۋە سوت ئىشلىرىدا ئادىللىققا بۇيرۇغاندەك باشقا ساھەرلەردىمۇ ئادالەتكە بۇيرۇغان. مەسىلەن، ئىنسانلار ئارىسىدا سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇغان: «ئى قەۋمىم! سىلەر ئۆلچەمنى توغرا ئۆلچەڭلار،

تارازىنى توغرا تارتىڭلار، كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرمەڭلار، كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار»(ھۇد سۈرىسى 85 - ئايەت). ئەر - ئاياللار ئارىسىدا ئادىل بولۇشقا بۇيرۇپ: «ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىڭلار» دېگەن (نىسا سۈرىسى 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى). قىلغان سۆزلىرىدە ئادىل بولۇشقا بۇيرۇپ: «گەپ سۆزلىرىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار» دېگەن (ئەنئام سۈرىسى 152 - ئايەت). خىراجەت قىلغاندا ئادىل بولۇشقا ۋە ئوتتۇراھال يول تۇتۇش بۇيرۇپ: «ئۇلار(يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ » دېگەن (فۇرقان سۈرىسى 67 - ئايەت). جىنايى ئىشلارغا جازا بېرىشتە ئادىل بولۇشقا بۇيرۇپ: «ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار ئۈچۈن ياخشىدۇر»دېگەن (نەھل سۈرىسى 126 - ئايەت).

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ئىنتىزامغا سېلىش ئۈچۈن ئادالەت زۆرۈر. پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتاب چۈشۈرۈشتىكى مەقسەتمۇ ئىنسانلار ھاياتىنىڭ توغرا ئۆلچەم بىلەن ئىنتىزامغا سېلىنىشى ئۈچۈن ئىدى: «بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ، كىتابنى ۋە ئادالەت مىزانىنى چۈشۈردۇق» (ھەدىد سۈرىسى 25 - ئايەت).

ئىبنى قەييىم مۇنداق دېگەن: «ئادالەتكە ئېلىپ بارىدىغان يول ۋە چارىلەر ئىنسانلار ھاياتىدىكى تەرەققىيات ۋە يېڭىلىق قانۇنىيىتى بويىچە جارى بولىدۇ. ئاللاھ بۇ مەسىلىدە ئۆلچەم بېكىتىپ بەرگەن، مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئۆلچەمگە ئاساسەن ۋاستە - چارىلەرنىڭ ئىچىدە مەنپەئەتكە ئۇيغۇن بولغان ۋە شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەس پرىنسىپلىرىغا زىت كەلمەيدىغان چارىلەرنى تاللىيالايدۇ. شۇ سەۋەبتىن كونا چارىلەر بىلەن قېتىپ قېلىپ، ئادالەتنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان، مەنپەئەتنى زايە قىلىۋېتىدىغان ۋە سىقىنچىلىققا دۇچار بولىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەتنى تۇرغۇزۇش شەرىئەتنىڭ مەقسىتىدۇر، بۇ ئادالەت قايسى ئۇسۇل بىلەن ۋۇجۇتقا كەلسە، ئۇ دىنىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.(ئىبنى قەييىم:شەرئى سىياسەت، 4 - بەت). مانا بۇ شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى بىلگەنلىكتۇر، ئاللاھنىڭ ھاياتلىقتىكى سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيەتلىرىنى تونىغانلىقتۇر، ھەر زامان ۋە ھەر يۇرتتىكى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقتۇر. چۈنكى ئىسلامدىكى ئادالەت دىنىنى تۇرغۇزۇش، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن غايىدۇر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىقىغا دەلىلدۇر.

## باراۋەرلىك

ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدىكى باراۋەرلىك ئاللاھنىڭ ئادالىتىنىڭ تەقەززاسى، ياكى ئادالەتنىڭ بىر شەكلى. قۇرئان كەرىم باراۋەرلىكنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە مۇقەررەرلەشتۈرگەن، ئاللاھ ھەر كىمگە قارىتا ئادالەتكە بۇيرۇغاندەك، بارلىق كىشىلەر

ئارىسىدا باراۋەرلىكنى يولغا قويغان. قۇرئان كەرىم يولغا قويغان باراۋەرلىك هاياتنىڭ بارلىق ساهەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ هەممىسى مەدەنىي هوقۇق، مەسئۇلىيەت ۋە مۇكاپات ـ جازادا ئورتاق. مەسىلەن،

1. ئىنسانىي قېرىنداشلىق: ئىسلام مۇقەررەرلەشتۈرگەن ئىنسانىي قېرىنداشلىق، هوقۇق ـ مەجبۇرىيەتتىكى باراۋەرلىك، ئىنسانلار ئارىسىدا ئادالەتنى تۇرغۇزۇش ۋە زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئىسلامنىڭ خەلقئارالىق دىن ئىكەنلىكى ۋە ئۈممەتنىڭ ئادالەت يولىنى تۇتىدىغانلىقى ئىدى.

ئىسلام ئىنسانىي قېرىنداشلىقنى ئېلان قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ۋە هەر بىرسىنىڭ ئەر ـ ئايالدىن يارىتىلغانلىقىنى بايان قىلغان: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز هەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، هەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاهنىڭ دەرگاهىدا ئەڭ هۆرمەتلىك هېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ هەقىقەتەن هەممىنى بىلگۈچىدۇر، هەممىدىن خەۋەرداردۇر» (هوجۇرات سۈرىسى 13 ـ ئايەت). بۇ ئايەت ئىنسانلارنىڭ ئوخشاش ئۆلچەمدە يارىتىلغانلىقىنى ۋە هەممىسىنىڭ شەرىئەت ئالدىدا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمەكتە، يارىتىلىش جەهەتتە باشقا ئارتۇقچىلىق يوق، هەممىسى باراۋەر. ئارتۇقچىلىق پەقەت ئاللاهنى هەقىقى تونۇپ، ۋەزىپىسىنىڭ هۆددىسىدىن چىقىشتىن ئىبارەت ئىش ـ هەرىكەتكە باغلانغان. ئىشنى پۇختا قىلىش ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا ئادىل بولۇش

تەقۋالىقنىڭ جۇملىسىدىن سانىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئايەت ھەممىڭلار ئوخشاش مەخلۇق بولغانىكەن ئۆز ـ ئارا تونۇشۇڭلار، چۈشىنىشىڭلار، شۇ ئاساستا ھەمكارلىشىڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا يوغانچىلىق قىلماڭلار، دەپ كۆرسەتمە بەرمەكتە. چۈنكى تىل، رەڭ، تۆر، يۇرت ۋە ئېتىقادلارنىڭ ئوخشىمىغانلىقى تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولمايدۇ، بەلكى بىرلىكتە ياشايدىغان زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە ھەمكارلىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

2. مەسئۇلىيەت بىرلىكى: ئاللاھ پۈتۈن ئىنسانلارغا تەۋھىدتىن ئىبارەت بىر مەسئۇلىيەت بىلەن خىتاب قىلغان: «ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا كىشىلەر(يەنى پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن بولسا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتاتتىم ۋە ئىتائەت قىلاتتىم دېگۈچىلەر)گە باھانە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا جەننەت بىلەن)خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى دوزاختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (نىسا سۈرىسى 165 ـ ئايەت). مەسئۇلىيەت ئەقىلگە باغلىق، شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەرلەر كىشىلەرنىڭ ئەقلىگە خىتاب قىلغان، ئىشەنگەنلەر ئىشەنگەن، ئىشەنمىگەنلەر ئىشەنمىگەن.

ئىنسانلارنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە ھوقۇق ـ مەجبۇرىيەتتە باراۋەرلىكى ئېنىق بىر مەسىلە: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» (زەلزەلە سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر).

3. ئىسلام قېرىنداشلىقى: قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىمانى قېرىنداشلىق پرىنسىپىنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن: «مۆمىنلەر ئۆز

ـ ئارا قېرىنداش» (ھوجۇرات سۈرىسى 10 ـ ئايەت). مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىمانىي قېرىنداشلىق ئەڭ كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئالاقە بولۇپ، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە باراۋەرلىكنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوست ۋە بىر ـ بىرىگە ئىگە»دەيدۇ (تەۋبە سۈرىسى 71 ـ ئايەت). دېمەك، باراۋەرلىك ئىسلامنىڭ شوئارى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى باراۋەرلىك شوئارىنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ : «مۆمىنلەرنىڭ قانلىرى باراۋەر، ئۇلار باشقىلارغا قارىتا بىر قولنىڭ ئورنىدا، ھالى تۆۋەن مۇسۇلمانمۇ ئامانلىق بېرەلەيدۇ» دېگەن (ئەبۇداۋۇد ۋە ئەھمەد رىۋايىتى). رەسۇلۇللاھ بۇ ھەدىسىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنىڭ باراۋەرلىكىنى ھۆكۈم قىلغان، ئۇ ھاكىم بىلەن مەھكۇم ئارىسىدىكى باراۋەرلىكتۇر، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتتىكى باراۋەرلىكتۇر، ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا (بەزى تەبىئىي پەرقلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) باراۋەرلىكتۇر. دېمەك، ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە قائىدىلىرى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئومۇمىدۇر، چۈنكى ئىنسانلار ئىسلام نەزىرىدە تاغاقنىڭ چىشلىرىدەك باراۋەر. رەسۇلۇللاھ : «كىم بىر مۇسۇلماننى تۆۋەن كۆرسە ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن» (بۇخارى رىۋايىتى).

بۇ يەردە شۇنى ئىشارەت قىلىش كېرەككى، قۇرئان كەرىم بېكىتكەن باراۋەرلىك مۇتلەق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قائىدە ۋە چېگرالىرى بار. چۈنكى بەزى ئىشلاردا شەخسلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرى، ئىلمىي، ئەخلاقى ۋە قابىلىيىتى...گە قارىتا پەرق بولىدۇ.

# كېڭەش قىلىش

كېڭەش قىلىش دېگەن ئاتالغۇ ئىسلام ئاتالغۇسى ۋە ئىجتىھادى پرىنسىپتۇر. كېڭەش قىلىش ياكى مەسلىھەت قىلىش شەخس ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا مۇھىم بىر ئامىل بولۇپ، سىياسىي ئىسلاھاتتا بۈيۈك رول ئوينايدۇ. كېڭەشكە قاتنىشىدىغان كىشىلەر ئىقتىدارلىق، ھېكمەتلىك ۋە تەقۋا كىشىلەردىن بولىشى لازىم. كېڭەش ئەزالىرى تۈزەلسە ئۈممەتنىڭ ئەھۋالى تۈزۈلىدۇ. بۇلار بۇزۇلسا، ئۈممەتنىڭ ئەھۋالى بۇزۇلىدۇ.

قۇرئان كەرىم كېڭەش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ، بالا تەربىيلەش ۋە ئىمتىش مەسىلىسىدىمۇ كېڭەش قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن يەردە، ئەلۋەتتە ئۈممەتنى يېتەكلەيدىغان ۋە ئۈممەتنىڭ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان سىياسىي ئىشلاردا ئەلۋەتتە تەكىتلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن كېڭەش قىلىش ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىكى مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ بەلگىلەنگەن. سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېڭەش قىلىشقا باغلىقتۇر.

ئىسلام كېڭەش قىلىشنى سىياسەت ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى قىلىپ بەلگىلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھاكىم مۇستەبىت بولۇۋالسا ياكى مۇھىم قارارلارنى يالغۇز ئالىدىغان بولسا، ئىسلام بۇنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايدۇ. كېڭەش قىلىش كىچىك جەمئىيەت بولغان ئائىلىدىن باشلاپ دۆلەتكىچە تەتبىقلىنىدۇ. ئىسلام جەمئىيىتىدىكى سىياسىي ھايات مۇشۇنداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئايرىلماس ئاساسلىق سۈپىتىدۇر. چۈنكى كېڭەش قىلىش پرىنسىپى ئىنسانلار ئارىسىدا توغرا

ھۆكـۈم يۈرگۈزۈشـنىڭ ئـەڭ يۈكسـەك ۋە ئـەڭ ئادىـل پرىنسـىپىدۇر، سىياسـەتتە بۇنىڭدىــن بىھاجـەت بولغىلــى بولمايــدۇ. ئىسـلامدىكى كېڭـەش پرىنسـىپى ئومۇمىـي ۋە ئەۋرىشـىم ھالـدا كەلگـەن بولـۇپ، ھـەر قانـداق بىـر تەشـكىل ياكـى ئاپـارات ئۈچـۈن ئۇيغـۇن كېلىـدۇ.

كېڭـەش قىلىـش قـۇرۇق شـوئار بولـۇپ قالسـا بولمايـدۇ، بەلكـى جەمئىيـەت ۋە دۆلەتتىكـى ھـەر شـەخس ئەمەلىــي ھېـس قىلىشــى لازىـم، چۈنكـى ئـۇ ھـەر زامـان ۋە ھـەر ماكانـدىكى مۇسـۇلمانلارنىڭ سۈپىتىدۇر. قۇرئانغـا قارىسـىڭىز كېڭـەش قىلىشـقا بۇيرۇغـان ئايەتلـەر بىـر قانچـە يـەردە كەلگـەن.

## 1. كېڭەش قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئاللاھ«ئـۇلار پەرۋەردىگارىنىــڭ دەۋىتىگــە ئــاۋاز قوشــىدىغانلار، نامازنـى ئۆلچەملىـك ئۆتەيدىغانلار، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانـلار ۋە بىـز رىزىـق قىلىـپ بەرگـەن نەرسـىلەردىن سـەدىقە قىلىدىغانلاردۇر»دەيـدۇ (شـۇرا سۈرىسـى 38 ـ ئايـەت).

بـۇ ئايەتتـە كېڭـەش قىلىـش سۈپىتى ئاللاھنىـڭ بۇيرۇقىغـا ئـاۋاز قوشـۇش ۋە ناماز ئوقـۇش بىلـەن سـەدىقە ـ زاكات بېرىـش ئارىسـىدا كەلگەنلىكـى ئۇنىـڭ نەقـەدەر مۇھىملىقىغـا ئىشارەت قىلىـدۇ. ئۇنىـڭ ئۈسـتىگە بـۇ سۈرىنىڭ ئىسـمى كېڭـەش قىلىـش سۈرىسـى ئەلۋەتتـە بىـر سۈرىنىڭ بـۇ ئىسـىم بىلـەن ئاتالغانلىقى كېڭـەش قىلىشـنىڭ ئەھمىيىتىنـى ۋە مۇھىملىقىنـى كۆرسـىتىدۇ.

مەدىنىــدە دۆلـەت قۇرۇلۇشـتىن ئىلگىـرى مەككىـدە چۈشـكەن بـۇ سۈرىدە مۇسـۇلمانلارنىڭ كېڭـەش قىلىـش سۈپىتىنىڭ كېلىشـى بـۇ سۈپەتنىڭ ئەھمىيىتـى، ھـەر زامـان داۋاملىشـىدىغانلىقى ۋە نەتىجـە قازىنىـش ئۈچـۈن دۆلـەت قۇرۇلغانغـا قـەدەر ئالاھـىدە ئەھمىيىتىنىـڭ

بارلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا كېڭەش قىلىش پەرزلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ ۋاقىتلىق ياكى باسقۇچلۇق ئىش ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنداقتا مۇسۇلمانلار قارار ئېلىشتا ئالدىراپ كەتمەيدۇ، قارار دا مۇستەبىتلىك قىلمايدۇ، ئەڭ توغرا پىكىرگە يېتىش ئۈچۈن نەپسىلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ، مۇستەبىتلىككە رازى بولمايدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ سىياسىي مەۋجۇتلۇقىنى تەمسىل قىلىدىغان دۆلەت شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىكى سۈپىتى ئىدى، شۇڭا ئۇلار باشقىلارغا ئۆرنەك بولالىغان. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارغا يەتكەن ئەڭ چوڭ ئاپەت سىياسىي مۇستەبىتلىكتۇر، ئۈممەتنىڭ ساغلام مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى كېڭەش قىلىشتىن ئىبارەت پرىنسىپنى تەتبىقلاشقا باغلىق.

بىر بۆلەك ئۆلىمالار بۇ ئايەتنىڭ ناماز بىلەن زاكاتتىن ئىبارەت دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەركانلىرى ئارىسىدا بايان قىلىنغانلىقىغا قاراپ، كېڭەش قىلىشنى پەرز دەپ ھۆكۈم ئالغان. بۇ ئالىملار كېڭەش قىلىشنى شەرىئەتنىڭ ئاساسلىرى ۋە پەرز ئەھكاملارنىڭ قاتارىدىن دەپ قارىغان. شۇنداقلا بىلىملىك ۋە دىيانەتلىك كىشىلەر بىلەن كېڭەش قىلمايدىغان ھاكىمنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاش لازىم، دېگەن (قۇرتۇبى تەپسىرى: ئال ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەتنىڭ تەپسىرى).

## 2. كېڭەش قىلىش پەرز

كېڭەش قىلىشنىڭ پەرزلىكى بۇ ئايەتتە كەسكىن بۇيرۇق شەكلىدە كەلگەن: «ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلغىن» (ئال ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت). بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھقا

كېڭەش قىلىشنى بۇيرۇپ كەلگەن يەردە ھاكىملار، لىدىرلەر، يېتەكچىلەر ۋە قوماندانلار ئۇچۇن ئەلۋەتتە بۇيرۇقتۇر. رەسۇلۇللاھ ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلاتتى، ماڭا مەسلىھەت بىرىڭلار، دەپ تۇراتتى. ئۇنداقتا باشقىلار ئەلۋەتتە مەسلىھەت قىلىشقا مۇھتاج، مەسئۇلىيەت قانچە ئېغىر بولسا، كېڭەش قىلىش ئېھتىياجى شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ. بۇ ۋەجىدىن بۇ ئايەت سىياسەت ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە، ھاكىم بىلەن مەھكۇمنىڭ ئالاقىسىدا چوڭ بىر پرىنسىپ دەپ سانالغان ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىر مەقسەت دەپ ھېسابلانغان.

بۇ ئايەت كېڭەش ياكى مەسلىھەت قىلىش پرىنسىپىنى سىياسىي ھاياتنىڭ ئاساسىي دەپلا قارىماستىن بەلكى سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ بەلگىلىۋەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەت قارار چىقىرىش ۋە قانۇن يولغا قويۇشتا خەلق مەجلىسىگە تايىنىشى لازىم. كېڭەش قىلىش كەسكىن پرىنسىپتۇر ۋە ھاكىمغا پەرزدۇر، ھاكىم بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشى لازىم. كېڭەش قىلىش تەتبىقلانسا ھاكىملار سەگەك بولۇپ، ئۇممەتنىڭ سىياسىي ھاياتى ئىسلاھ بولىدۇ، كېڭەش قىلىش تەتبىقلانمىسا ھازىرقىدەك مۇستەبىتلىك بالاسى ۋە ئاپىتى ئۇممەتنى خاراب قىلىدۇ، لاياقەتلىك كىشىلەر چەتكە قېقىلىدۇ، سىياسىي ئىسلاھات ئارقىغا چېكىنىدۇ. دېمەك، كېڭەش قىلىش ئۇممەت ۋە مىللەتنى مۇستەبىتلىكتىن ھىمايە قىلىدىغان ئەڭ ياخشى دورا ۋە ۋاستىدۇر.

كېڭەش قىلىشنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپ ئىكەنلىكىدە شەك يوق، بىراق قۇرئان كەرىم ياكى سۈننەت كېڭەش قىلىشنىڭ زامانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شەكلىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقى ئۈچۈن

مۇئەييەن بىر قېلىپنى ياكى شەكىلنى بايان قىلىپ بەرمىگەن. كېڭەش قىلىش شەكلى ئىنسانلارغا ئاسانچىلىق يارىتىش ئۈچۈن مۇئەييەن شەكىل بەلگىلەنمەستىن، بەلكى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئىزدىنىشىگە قالدۇرۇلغان، چۈنكى كېڭەشنىڭ شەكلى ۋاستە بولۇپ ئۈممەتنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى كېڭەش قىلىش ھەققىدە مۇئەييەن بىر تۈزۈم بېكىتمىگەندەك، سىياسىي تۈزۈمنىڭ شەكلى توغرىسىدىمۇ بەلگىلىرى ئېنىق تەپسىلىي تۈزۈم شەكلىنى بەلگىلەپ بەرمىگەن. ھەقىقىي كېڭەش قىلىش قايسى بىر ۋاستە ياكى شەكىل بىلەن ھەل بولسا، بۇ ۋاستە ياكى ئۇ شەكىل ئىسلامنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. بۇ شەرىئەتنىڭ قانۇن چىقىرىش خاراكتېرىنىڭ ھەر زامان ۋە ھەر ماكان تەتبىقلاشقا يارايدىغان ئەۋرىشىم ئالاھىدىلىكى بىلەن ماسلىشىدۇ.

ئەگەر رەسۇلۇللاھ كېڭەش قىلىش شەكلى ياكى خەلىپىنىڭ شەخسىيىتىنى بەلگىلەپ بەرگەن بولسا ياكى ھاكىم سايلاشتا بىر يولنى قارار قىلىپ بەرگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ رەسۇلۇللاھدىن كېيىن بىر قانچە ئەۋلادقا ماس كەلسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلىرى ئوخشىمايدىغان پۈتۈن ئىسلام ئەللىرىدىكى بارلىق ئەۋلادلارغا بىر شەكىلنى تەتبىقلاش ئۇيغۇن بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ھاكىم سايلاش شەكلىنى، شۇنداقلا ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تەپسىلاتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسەت ۋە قائىدىلىرىگە قارىتا، زامان، ماكان ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شارائىتلىرىغا ئۇيغۇن ھالدا قارار قىلىۋېلىشى ئۈچۈن بايانسىز قالدۇرۇپ كەتكەن.

ئەلۋەتتە ئىجتىھادقا ئورۇن يوق بولغان كەسكىن ئۇقۇمغا ئىگە

ھۆججەت ۋە دەلىللەردە كېڭەش قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ، بىراق تۇرلۇك ئېھتىماللىققا ئىگە دەلىلنى چۈشىنىش ياكى تەتبىقلاش دائىرىسىدە ئىجتىھاد قىلىشقا بولىدۇ. سىياسەت ساھەسىدە پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى ئەقىدە ۋە ئىدىيەگە چېتىشلىق بولغانىدەك كېڭەش قىلىدىغانلارنىڭ ئىجتىھادلىرىمۇ شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە چېتىشلىقتۇر.

### 3. كېڭەشتە كۆپ سانلىقنىڭ كۆز - قارىشىنى ئېلىش مەسىلىسى

مۇسۇلمان ھاكىمنىڭ ھوقۇقىنى ئۇممەتتىن ياكى تەۋەلىكىدىكى كىشىلەردىن ئالىدىغانلىقى ئالىملار ئارىسىدا بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلە. ئۇممەت ئۆزىگە ۋەكىل بولىدىغان ھاكىم سايلىغاندا دىيانەتلىك ۋە ياراملىق ئادەمنى تاللىشى لازىم. شۇنداقلا ھاكىملار كىشىلەر ئىشەنگەن پرىنسىپ ۋە قىممەت قاراشلىرىغا رىئايە قىلىشى، يۇرتنى ھىمايە قىلىش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئىش - ھەرىكەت قىلىشى لازىم، بۇ ئالىملار ئارىسىدا ئىتتىپاق نۇقتىلار ھېسابلىنىدۇ.

رەسۇلۇللاھ كېڭەش قىلىش پرىنسىپىنى تەتبىقلاپ كۆپ سانلىق ساھابىلەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن ئۇھۇد جېڭىنى شەھەرنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بارغان ۋە بۇ جەڭدە ئېغىر زىيان بولغان، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي: «ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلغىن» (ئال ئىمران، 159 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت چۈشۈپ ھەر زامان كېڭەش قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىنى تەكىتلىگەن.

«ئۇلار ئىشلىرىنى مەسلىھەت قىلىش ئاساسىدا ھەل قىلىدۇ» (شۇرا سۈرىسى 38 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت ھاكىمغا قارىتىلغانىدەك، ئۇممەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇممەت ۋەكىللى

بولۇپ تاللانغان كىيىنكى ئەزالىرىغىمۇ قارىتىلىدۇ.

كۆپ سانلىقنىڭ ھەقىقەت ياكى بىر ئىشنىڭ توغرىلىقىغا ئۆلچەم بولالمايدىغانلىقى، شۇنداقلا ئاز سانلىقنىڭمۇ خاتالىق ياكى باتىلغا ئۆلچەم بولالمايدىغانلىقىدا شەك يوق. بىر ئىشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈممەتنىڭ ياكى ئۈممەت ۋەكىللىرىنىڭ سۆزىنىڭ بىر يەرگە كەلگەنلىكىدە نامايان بولىدۇ. بۇ مەسىلە رەسۇلۇللاھنىڭ: «ئاللاھ مېنىڭ ئۈممىتىمنى ئازغۇنلۇققا بىرلەشتۈرۈپ قويمايدۇ، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى كۆپچىلىك بىلەن بىرگە بولىدۇ»(تىرمىزى رىۋايىتى) دېگەن سۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۆلىمالار، سىياسىيونلار، قابىلىيەتلىك كىشىلەر ۋە قوماندانلاردىن تەركىب تاپقان كېيىنكى ۋەكىللىرى ئۆز ـ ئارا مەسلىھەت قىلىپ كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىنى تۇتۇپ ماڭغان بولسا، بۇ ئىش سىياسىي ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتلەرگە ئوخشاش كۆز ـ قاراش تۈرلۈك بولىدىغان ئادەت خاراكتېرلىك ئىشلاردا كېيىنكى قىلىش پرىنسىپىنى تەتبىقلىغانلىقىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار كېيىنكى ھەيئەتكە سايلانغاندا ھەر بىرسى ھەقنى كۆزلەپ قەلبىدىكىنى دەيدىغان ئىدى، بەزىلىرى مۇۋاپىق كەلسە، يەنە بەزىلىرى ئېتىراز بىلدۈرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شەرئى سىياسەت ئۆلىمالىرىنىڭ ئاتالغۇسىدا ۋە ئىسلام پىقھىسىدا «جۇمھۇر»(يەنى كۆپ سانلىق) نىڭ كۆز قارىشى دەيدىغان ئاتالغۇ بار. دېمەك، مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنىڭ پىكرى ۋە ئاز سانلىقنىڭ پىكرىنى ئاللىبۇرۇن قوللىنىپ كەلگەن ۋە كۆپ سانلىقنىڭ كۆز ـ قارىشىنى باشقىلارنىڭ قوبۇل قىلىشى لازىم دەپ قارىغان. مەسىلەن، ھەممەيلەنگە ئالاقىدار بولغان خەلىپە سايلاش مەسىلىسىدىمۇ كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارىشىنى قوللانغان.

كۆپ سانلىقنىڭ پىكرى بىلەن ئىش قىلىش رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەردىن ئىسپاتلانغان. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ بەدرى جېڭىدە ئەسىرگە چۈشكەنلەر توغرىسىدا ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارشى بويىچە ئىش قىلغان، بىراق ۋەھىي چۈشۈۋاتقان مەزگىل بولغاچقا ئىلىنغان قارارنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى تەنقىدلىگەن. دېمەك، ئەقىدە ۋە ئىبادەتتىن باشقا ئۇقۇمى كەسكىن شەرئى ھۆججەت كەلمىگەن ئۈممەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر كېڭەش قىلىشقا تېگىشلىكتۇر. چۈنكى جۇمھۇر يەنى كۆپ سانلىقنىڭ كۆز قارشى كۆپىنچە خاتالىقتىن ساقلىنىدۇ، بىر ئادەمنىڭ كۆز قارشىدا كۆپىنچە ھالدا خاتالار كۆرۈلۈشى مۇمكىن، ئۈممەتنىڭ مەسىلىسىنى بىر ئادەمگە تاپشۇرۇپ قويۇش ئېغىر خاتالىق. ئەمەلىيەتتە ھازىرغىچە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىدا كۆپ سانلىقنىڭ كۆز - قارىشىنى تۇتۇشتىن ئەۋزەل چارە يوق، كۆپ سانلىق بەزىدە خاتالاشسا، ئاز سانلىقمۇ خاتالىشىدۇ. چۈنكى ئېنىق ۋەھىي بولمىغان ئىشلاردا تۈرلۈك پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەبىئىي مەسىلە. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ ئۈممىتىمنى ئازغۇنلۇق ئىشلاردا بىرلەشتۈرۈپ قويمايدۇ، ئاللاھ بىرلىكنى قوللايدۇ، كۆپ سانلىققا ئەگىشىپ مېڭىڭلار» دېگەن (تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى).

## ئەركىنلىك

قۇرئان كەرىم ئىنساننى قۇللۇق زۇلمىدىن ئەركىنلىك دۇنياسىغا، دوگما تار تەپەككۇردىن كەڭرى ئىزدىنىش ۋە ئەقىل يۈرگۈزۈشكە، بىكىنمىچىلىك ۋە مەھرۇملۇقتىن ھەقىقەت، ئەركىنلىك ۋە سۆزنى

ئاشكارا ئىپادىلىيەلەيدىغان مەيدانغا چىقىرىشقا چاقىرغان. شۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم تەقلىدچىلىكنى تەنقىد قىلغان، باشقىلارنى بوزەك قىلىشقا قارشى تۇرغان، كائىنات ۋە جەمئىيەتتە ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەقىدە ئەركىنلىكى، پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى، تاللاش ئەركىنلىكى، ئىش ـ ھەرىكەت ئەركىنلىكى، يۆتكىلىش ئەركىنلىكى... قاتارلىقلارنى بەرگەن. دېمەك، ئەركىنلىك قۇرئان كەرىم مۇقەررەرلەشتۈرگەن ئاساسلىق پرىنسىپلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، چۈنكى ئەركىنلىك ھاياتلىق بىلەن تەڭ، ياكى ھاياتلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر. مەسىلەن:

### 1. پىكىر ۋە ئەقلىنى نادانلىق ۋە تەقلىدچىلىكتىن ئازاد قىلىش

ئىنسان پىكىر قىلىش ۋە ئەقلى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈستۈن بولىدۇ، نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىكى بىلەن دەرىجىسى تۆۋەن بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ئەقلىنى ئازراقمۇ ئىشلەتكىلى ئۇنىماستىن، بۇرۇنقىلار نېمە دېگەن بولسا، شۇ توغرا دەيدىغانلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەن : «ھەرقاچان ئۇلارغا (يەنى مۇشرىكلارغا): «ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسىگە (يەنى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان ۋەھيگە، قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار» دېيىلسە، ئۇلار : «ياق، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان دىنغا ئەگىشىمىز» دېيىشىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن ۋە توغرا يولدا بولمىغان تۇرسا، يەنە ئۇلارغا ئەگىشەمدۇ؟» (بەقەر سۈرىسى 170 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئەقلىنى بىر ئاز بولسىمۇ ئىشلەتكىلى ئۇنىمايدىغان ۋە ھېچ ئىزدىنىش ئېلىپ بارمايدىغان كىشىلەرنىڭ قەلبى ۋە ئەقلىنى قۇلۇپلىۋېلىپ، ھەر قانداق ئەھۋالدا ۋە ھەرقانداق بىر ئىشتا بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نېمە دېگەن بولسا شۇ

دەيدىغان ئەقلى قاتماللىقنى قاتتىق ئەيىبلىگەن، ئۇلارنى نادان ۋە ئەقلسىزلار دەپ سۈپەتلىگەن. ئەگەر ئاتا بوۋىلار توغرا يولدا بولسا ئۇلارغا ئەگەشسە بولىدۇ، ئەگەر توغرا يولدا بولمىسا ئەگەشمەسلىك كېرەك، چۈنكى ئۇ مۇرەككەپ نادانلىقتۇر.

قۇرئان كەرىم ئەركىنلىك ئۇيۇقلىرىغا يىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئايەتلەردە ئەقىل يۈرگۈزۈشكە ۋە ھېسسى ئەزالارنى قوللىنىشقا چاقىرغان. ئەقلى، قەلبى، كۆزى ۋە قۇلىقىدىن ئىبارەت ھېسسى ئەزالىرىنى ئىشلەتكىلى ئۇنىمىغانلارنى ئىنسان دەرىجىسىدىن چۈشۈرۈپ ھايۋانغا ئوخشايدۇ، دەپ سۈپەتلىگەن. دېمەك، ئەقلى ۋە پىكىر ئەركىنلىكى شەخسى خاھىش ۋە خىيال ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى نەزەر يۈرگۈزۈش ۋە دەلىل ئىزدىنىش قائىدىلىرى ئۈستىدە شەكىللىنىدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىم بىلىم ـ مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت ئالدىدا توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋالمىغان.

## 2. ئەقىدە ئەركىنلىكى

ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەركىنلىكنىڭ ئەڭ ئىلغار كۆرۈنۈشى ياكى ئىپادىسى ئەقىدە ئەركىنلىكىدۇر. ھەر كىمنىڭ خالىغانچە ئەقىدە تاللاش ھەققى بار، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ئادەمنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە كىرىشكە زورلىشى چەكلەنگەن: «ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟ » (يۇنۇس سۈرىسى 99 ـ ئايەت). ئەلۋەتتە، ئىنسان ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقىل، قۇلاق ۋە كۆز ئارقىلىق ھەق بىلەن باتىلنى پەرقلەندۈرۈشكە قادىر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇ دۇنيادا ھەر ئادەمنىڭ قايسى ئەقىدىنى تاللاش ئەركىنلىكى بار،

بىراق ئەقىدە تاللاش ئەركىنلىكى ھەر كىمنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە قىيامەت كۈندىكى نەتىجىدىن خالىي ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ.

ئىسلام، ئازغۇنلار تەرىپىدىن مەجبۇرلاش ئاساسىدا تېڭىلغان ئازغۇن ئەقىدىلەرنى بىكار قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئەقىدە ئەركىنلىكىنى يولغا قويغان. باشقىلارنى دەۋەت قىلىشتا ئىلمىي مۇنازىرە قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئەقىدىگە زورلاشقا بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلغان: «باشقىلارنى دىنغا كىرىشكە زورلاشقا بولمايدۇ» (بەقەرە سۈرىسى 256 ـ ئايەت). دىنىمىزدا ئەركىنلىكنىڭ ئاساسىي بولغان بۇ تېمىنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئايەتلەر تۈرلۈك شەكىلدە تەكرار كەلگەن، دەۋەت قىلغاندا چىرايلىق ئىلمىي ئۇسۇل ئىشلىتىشكە چاقىرغان: «خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن» (كەھف سۈرىسى 29 ـ ئايەت).

## 3. ئىبادەت ئەركىنلىكى

ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىززىتىنى دەپسەندە قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن ئىبادەت ئەركىنلىكىنى يولغا قويغان. ئەركىنلىك ۋە ھەقىقىي ئىبادەتنىڭ ياراتقۇچىغا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە: «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار» دېگىن (ئال ئىمران سۈرىسى 64 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئەقىل ۋە پىكىرلەرنى، شۇنداقلا ئىنساندىكى ئەقلى ۋە ماددى كۈچلەرنى توسالغۇلاردىن ئازات قىلغان. قۇرئان كەرىم ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئەركىنلىكىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ، ھېچقانداق بىر ئىنسان ياكى مەخلۇقنىڭ ئۆزىنى ئىلاھ كۆرسىتىپ ئىبادەت قىلىنىشقا سالاھىيىتىنىڭ توشمايدىغانلىقىنى جاكارلاپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىرەر ئىنسانغا كىتابنى، ھېكمەتنى، پەيغەمبەرلىكنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىشىلەرگە: < ئاللاھنى قويۇپ ماڭا بەندە بولۇڭلار> دېيىشى لايىق بولمايدۇ(يەنى پەيغەمبەردىن مۇنداق گەپنىڭ سادىر بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ) ۋە لېكىن (ئۇ):< كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار ۋە ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار>دەيدۇ » (ئال ئىمران سۈرىسى 79 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىبادەت ئەركىنلىكىنى پەقەتلا مۇسۇلمانلارغا خاسلاشتۇرماستىن، بۇ ئەركىنلىكنى ساماۋى دىن ئىگىلىرىمۇ بەرگەن: «(ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسچىتلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر»(ھەج سۈرىسى 40 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئەركىنلىك دەرۋازىلىرىنى ئېچىش دائىرىسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىلگىرى ئۈممەتلەردە تېپىلىدىغان ماددى ۋە مەنىۋى ئىشكەل ۋە چەكلىمىلەردىن ئازات

قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان: «ئۇلارنىڭ ئىبغىر يۈكىنى يېنىكلىتىدۇ، ئۇلارنى سېلىنغان تاقاق، كويزا ـ كىشەنلەردىن قۇتقۇزىدۇ» (ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايەت).

## 4. پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى

قۇرئان كەرىم تەكىتلىگەن ئەركىنلىكلەرنىڭ بىرى سۆز قىلىش ۋە پىكىر بىرىش ئەركىنلىكىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە زىيانلىق ئىشلارنى چەكلەش ئۈچۈن پىكىر بايان قىلىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارىغان: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر » (ئال ئىمران سۈرىسى 104 ـ ئايەت). ئۈممەت ۋە مىللەتنىڭ غەلىبە قازىنىشى ئۈچۈن پىكىر بايان قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسلىق ۋەزىپىنى ئورۇنلاش لازىملىقىنى تەكىتلىمەكتە، بەلكى قورقماستىن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقنى بۇ ئۈممەتنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پەزىلىتى دەپ بېكىتمەكتە. ئەلۋەتتە سەممي ئىمانى بار ۋە تەقۋا ئادەملەر بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى لازىم: «مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى(تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» (تەۋبە سۈرىسى 71 ـ ئايەت).

سۆز ۋە پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى

كۆپ بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئىنساننىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر. قۇرئان كەرىم سۆز ۋە پىكىر ئەركىنلىكىدە بىر بۆلەك قائىدە ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقلارنى يولغا قويغان. مەسىلەن، سۆز قىلىشتا ئىككى بىسلىق قىلماسلىق، گۇناھ ۋە ھەقسىزلىققا سەۋەب بولىدىغان سۆزلەرنى قىلماسلىق، بەلكى تەقۋالىق ۋە ياخشىلىققا سەۋەب بولىدىغان سۆزلەرنى قىلىش، پىكىر قىلغاندا قىلغان سۆزنىڭ مەنبەسىنى ياخشى تەكشۈرۈپ قىلىشقا كۆرسەتمە بەرگەن. شۇنداقلا غەيۋەتخورلۇق، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، تىللاش ۋە تۆھمەت چاپلاشتىن توسقان.

## 5. تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىزدىنىش ئەركىنلىكى

قۇرئان كەرىم ئىنساننى تەپەككۇر قىلىش، ئىزدىنىش ۋە ئەقلىنى ئىشلىتىشكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللانغان: «ئېيتقىنكى، مەن سىلەرگە بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىمەن: سىلەر خۇدالىق ئۈچۈن ئىككىدىن، يا بىردىن تۇرۇڭلار (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يىغىلىپ ياكى يەككە ھالدا ھەقنى ئىزدەڭلار)، ھەقنى تېپىش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزۈڭلار»(سەبە سۈرىسى 46 ـ ئايەت).

بۇ كائىناتنىڭ ئىنساننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىنى ئىنسانغا ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن: «ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر بار»دېگەن (جاسىيە سۈرىسى 13 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىم ئىنسانلاردىن كۆزلىرى كۆرۈۋاتقان تۈرلۈك

نەرسىلەر ھەققىدە ئەقلىنى ئىشلىتىشنى ۋە تەپەككۇر قىلىشنى تەلەپ قىلغان : «ئۇلار ئۆزلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى (يۇلتۇز قاتارلىق) نەرسىلەرنى پەقەت ھەق ۋە مۇئەييەن ۋاقىتلىق قىلىپ ياراتتى» (رۇم سۈرىسى 8 ـ ئايەت). قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەش ئۈچۈن ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغانلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئادەم سۈپىتىدىن چىقىرىپ ھايۋانغا ئوخشاتقان، چۈنكى ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

قۇرئان كەرىم تەپەككۇر قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارغا ئىشارەت قىلىپ، ئەقىلنىڭ ساغلام ئىشلىشى ئۈچۈن ئۇ ئامىللارنى يوقىتىشنىڭ زۆرۈرلىكىگە دىققەتنى قاراتقان. مەسىلەن، ئاتىلىق ياكى جەمئىيەتتىن قالغان ئىدىيە تەۋەلىكىنى رەت قىلىپ، ھەر بىر ئىنساننىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئوبرازىنى تەكىتلىگەن : «ئۇلار:<ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ھىدايەت تاپقۇچىدۇرمىز> دەيدۇ. شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: <بىز ھەقىقەتەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز> دېيىشتى» (زۇخرۇف سۈرىسى 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر). ئادەتتە دۆلەتمەن ئادەملەر نادان جەمئىيەتتە تۈرلۈك مەنپەئەتكە تېز ئېرىشىدىغانلىقى سەۋەبىدىن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىشنى خالىمايدۇ. شۇنداقلا قۇرئان كەرىم مەنسەپدارلارغا قارىغۇلارچە

ئىتائەت قىلىشىتەك ئەمەلىي توسالغۇنى يوقىتىشىنىڭ لازىملىقىغا ئىشارەت قىلغان.

قۇرئان كەرىم تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە تەپەككۇر قىلىش ھەرىكىتىنى ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بىر نەرسىگە ئايلاندۇرغان كىشىلەرگە ئالاھىدە مەرتىۋە بېكىتكەن: «ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» (مۇجادىلە سۈرىسى 11 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىم مۇشۇ مېتودى ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئەركىنلىكىنى توغرا يۆنىلىشكە سالغان. بۇ مېتودتا خۇراپات، خىيال، قاتماللىق ۋە تەقلىدچىلىك مەۋجۇت ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇ مېتود ئىنسان ئەقلىنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرغانلىقتۇر، ئۇنى بوشاڭلىق ۋە دۆتلەشتۈرۈش ئامىللىرىدىن ئازات قىلغانلىقتۇر ۋە تەپەككۇر قىلىشتىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا ئاگاھلاندۇرغانلىقتۇر.

## 6. ئەركىنلىك دائىرىسى

قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسىتى ئىنساننى ئىنسانغا قايسى جەھەتتىن بولسۇن قۇل بولۇشتىن ئازات قىلىش ۋە بارلىق ئىنسانلارغا ئەركىنلىكنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمالار «شەرىئەت ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ» دېگەن. بىراق ھەر قانداق بىر ئەركىنلىكنىڭ چېكى بولىدۇ، ئىنسانلار مۇتلەق ئەركىنلىكتە ياشىيالمايدۇ، چۈنكى مۇتلەق ئەركىنلىك باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا چېقىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئىسلامدىكى ئەركىنلىك بولسا مەسئۇلىيەتكە باغلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بۇ ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئاساس قىلغان بىر بۆلەك قائىدىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەسىلەن، ئەركىنلىك جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تۈزۈمىگە تەھدىت سالىدىغان بولماسلىقى، شەرىئەتنىڭ ئېنىق ۋە كەسكىن ھۆكۈملىرىگە ئېتىراز بىلدۈرمەسلىكى، شەرىئەتنى مەسخىرە قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن خەۋەر تارقىتىشتىن ئىلگىرى خەۋەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى تەكشۈرۈشى، باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى، ئادىل ۋە توغرا ئىش قىلغۇچىلارغا قارشى خەلقنى كۈشكۈرتمەسلىكى، ئەخلاقسىزلىققا ياكى باشقىلارنى ھاقارەت قىلىشقا چاقىرماسلىقى كېرەك.

## 7. شەرىئەت ئالدىنقى ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى ئەركىنلىكمۇ؟

مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مۇستەبىتلىك، دىكتاتورلۇق، ئالىملارنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەش، ئىجتىمائىي ئىلمىي تەنقىدنى چەكلەش ۋە بىر پارتىيىلىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش...قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىشلار ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ يىقىلىشىغا ئېلىپ بارغان، شۇنداقلا ئالىملارنىڭ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ رولىنىڭ ئەرزىمەس بولۇپ قېلىشقا سەۋەب بولغان. تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر زۇلۇم، پاساتچىلىق ۋە مۇستەبىتلىكتىن قۇتۇلۇپ، ھاكىملارنى نازارەت قىلالايدىغان سەۋىيىگە كەلگەندە ئاندىن تەرەققىي قىلالىغان.

ئەركىنلىك ئىنسان تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئىنساننىڭ خاراكتېرىدە تېپىلىدىغان تەبىئىي بىر خاراكتېر بولۇپ، ئىززەتلىك بىر ھاياتنىڭ شەرتى سانىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى شەرىئەتنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد، پىكىر قىلىش، توپلىنىش، يۆتكىلىش ۋە خۇسۇسىي مەنپەئەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ھوقۇقلىرىغا

چېقىلىش تاجاۋۇزچىلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەركىنلىك ئىسلامغا زىت كەلمەيدۇ، شۇنداقلا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىنى تۇتۇپ مېڭىشمۇ ئەركىنلىككە زىت كەلمەيدۇ.

ئەركىنلىك ئىسلامنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۇ شەرىئەتنى تەتبىقلاش ۋە ئىسلام دەۋىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ مۇھىت ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئەركىنلىك بولمىسا، مۇسۇلمان كىملىكىنىڭ تولۇق ۋۇجۇتقا چىقمايدىغانلىقىمۇ ئېنىق بىر مەسىلە.

ئەركىنلىك بىلەن شەرىئەت بىر ـ بىرىگە ھەرگىز زىت ئەمەس، قايسىغا بۇرۇن كۆڭۈل بۆلمىز دېمەيمۇ ئايرىپ بولغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئەركىنلىك ئىسلامنىڭ بىر قىسمى، ئىسلام زۇلۇم ۋە مۇستەبىتلىك يوقالغانغا قەدەر جەڭ قىلىشقا بۇيرۇغان. دېمەك، ئەركىنلىك بىلەن شەرىئەت بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان شوئار، ئەركىنلىك شەرىئەتنى تەتبىقلاشنىڭ يولى بولسا، شەرىئەت ئەركىنلىكنىڭ ھامىيسىدۇر.

## مۇسۇلمانلار بىرلىكى

ئىسلام بىرلىك ۋە قېرىنداشلىق دىنى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىكنى پەرز قىلغان. قۇرئان كەرىم كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بىرلىشىشكە چاقىرغان، بەزىدە بىرلىككە چاقىرسا يەنە بەزىدە بۆلۈنۈش ۋە زىددىيەتتىن چەكلىگەن ۋە بۆلۈنۈش ھالىتىگە تەھدىت سالغان. بۆلۈنۈش ۋە بىر ـ بىرىنى يامان كۆرۈش سەۋەبلىرىنى ھەل قىلغان، ئۇنى سادىر قىلغانلارنى ئەيىبلىگەن ۋە ئۇلارغا مۇناسىپ جازا بەلگىلىگەن. ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى بىرلىك

ۋە قېرىنداشلىق ئىكەنلىكىدە شەك يوق، دۆلەت مۇشۇ ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە كۈچلىنىدۇ، ئەسكەرلەر شۇ ئارقىلىق غەلىبە قىلىدۇ.

## 1. قۇرئان بىرلىككە تەشەببۇس قىلغان

مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىشىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار بەك كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىمى دىن بىرلىكى، ئەقىدە بىرلىكى، پرىنسىپ بىرلىكى، غايە بىرلىكى ۋە يول بىرلىكىدۇر: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ، دىققەت قىلغايسىلەر» (ئەنئام سۈرىسى 153 ـ ئايەت). بۇ ئايەت بىر يول ۋە بىر مېتودقا ئەگىشىپ مېڭىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ. بۆلۈنۈش، زىددىيەتلىشىش ۋە تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن توسۇۋاتىدۇ. ھەقىقى تەقۋالىق بىرلىشىش يولىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەقىدە بىرلىكى:ئىسلامنىڭ ئىرادە قىلىدىغان ئۈممىتى بىرلىك ئۈممەتتۇر. قۇرئان كەرىم ئۈممەت بىرلىكىنى بايان قىلىپ: «(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەيدۇ (ئەنبىيا سۈرىسى 92 ـ ئايەت). بۇ ئايەت تارىخ بويى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلىمەكتە. مۇسۇلمانلار ئەقىدە بىرلىكى، پەيغەمبەر بىرلىكى، شەرىئەت بىرلىكى ۋە دۇنياۋى بىرلىك بىلەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىجتىمائىي ئالاقە بىرلىكى: ئىمانى قېرىنداشلىق بىرلىكى ئۈممەتنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئالاقىلەرنىڭ

بىرى سانىلىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ : «ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئايرىلماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى(ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ » (ئال ئىمران سۈرىسى 103 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت بىرلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇ قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىسىنى تۇتۇپ مېڭىشتۇر، دەپ كۆرسەتمەكتە. رەسۇلۇللاھ ئىمان قېرىنداشلىقىنى تەسۋىرلەپ: «مۇسۇلمانلار دوستلۇق، كۆيۈنۈش ۋە بىر بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشتا بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. بەدەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، بەدەننىڭ پۈتۈن ئەزالىرى ھېسداشلىق قىلىپ قىزىتىپ ئۇخلىيالمىغاندەك، مۇسۇلمانلارمۇ ھېسداشلىقتا شۇنداق تۇيغۇدا بولىدۇ» دېگەن (مۇسلىم رىۋايىتى).

## 2. بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى ھارام قىلغان

قۇرئان كەرىم بۆلۈنۈش ۋە زىددىيەتلىشىشتىن ئاگاھلاندۇرغان، بۆلۈنۈشنىڭ مەغلۇبىيەت، خورلۇق ۋە ئاجىزلىققا باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن: «روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر(يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (ئال ئىمران سۈرىسى 105 ـ بەت).

بۇ ئايەت دىنىنىڭ ئاساسلىرى ۋە پرىنسىپال مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرماقتا، چۈنكى بۇ مەسىلىلەردە ئىختىلاپ قىلىش بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش ۋە بىر ـ بىرىگە كاپىر ۋە پاسىق دەپ تۆھمەت چاپلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما تارماق مەسىلىلەردە ئىجتىهاد قىلىپ تالاش ـ تارتىش قىلىش ياكى تۈرلۈك كۆز ـ قاراشتا بولۇش چەكلەنمەيدۇ، چۈنكى ئۇ شەرىئەت يول قويغان ۋە ئۈممەتكە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىشتۇر.

ئىسلام بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرىدىغان سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن توسقان: «ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆز ـ ئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پاسىقلىق بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق چەكلەنگەن ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر. ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ

قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر» (ھوجۇرات سۈرىسى 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئىككى ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا ئالاقىسىنى بۇزىۋېتىدىغان ۋە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىۋېتىدىغان بەزى ئىشلاردىن توسقان. ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ئالتە تۈرلۈك جىنايەت ياكى گۇناھ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ، بۇ ناچار سۈپەتلەر مۇسۇلمانلارغا پەقەت ماس كەلمەيدۇ، بۇنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ سالغانلار تەۋبە قىلىشى لازىم.

رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەتنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ: «قېرىندىشىڭلار ھەققىدە يامان گۇماندىن ساقلىنىڭلار، باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى تىڭتىڭلىماڭلار، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقىلارغا دەپ قويۇپ زىيانكەشلىك قىلماڭلار، باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزماڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان كۆرۈشمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا تەتۈر قاراشماڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇپ ياشاڭلار» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى). يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىس شەرىف ئوتتۇرىغا قويغان ناچار سۈپەتلەر يوقالسا، ئەلۋەتتە بىرلىك ۋە قېرىنداشلىق ھاسىل بولىدۇ.

ئىسلام تۆھمەت قىلىش، قىمار ئويناش، ھاراق ئىچىش ۋە زىنا قىلىشقا ئوخشاش بىرلىكنى بۇزىدىغان، ئىنسان ۋە جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان جىنايەتلەرنى ھارام قىلغان.

### 3. ئۈممەت بىرلىكى

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنى: «بۇ ئۈممىتىڭلار بىر ئۈممەتتۇر» (ئەنبىيا سۈرىسى 92 ـ ئايەت) دەپ سۈپەتلىگەن.

ئىسلام كۆز قارىشىدىكى ئۈممەت ئۇقۇمى ئەقىدە، شەرىئەت ۋە ھايات مېتودى جەھەتتىن ئىسلام كۆرسەتمىسىنى قوبۇل قىلغان ئىنسانلارنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلامدىكى ئۈممەت بىرلىكى ئەقىدە ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئىدىيە، سىياسەت ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدۇر. ئۈممەتنىڭ سىياسىي بىرلىكى ئىمانىي بىرلىككە مۇناسىۋەتلىكتۇر، ئۈممەت ئۇقۇمىدىكى ھالقىلىق ئامىل مەقسەت ۋە نىشان بىرلىكىدۇر. ئىسلام ئۈممىتى بارلىق ئىنسانلارغا ئوچۇق بولۇپ، كېيىنكىلەر ۋە قوشۇلماقچى بولغانلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۈممەتتۇر.

ئۈممەت ئۇقۇمى روھىي ۋە سىياسىي قىممەت قاراش بولۇپ، ئەقىدە ۋە سىياسىي بىرلىك ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. مۇسۇلمانلاردىكى بىر ئۈممەت ئۇقۇمى ئەقىدە ئۇقۇمىدىن كەلگەن، ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە ئەزا بولۇش ئۇقۇمى سىياسىي ئۇقۇمدىن كەلگەن. دېمەك، ئۈممەت سۆزى ئەقىدە، پىكرى ۋە ئىستىلى جەھەتتىن بىرلەشكەن ئىنسانلارغا قارىتىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولۇپ كەتكەندە ئىمامدىن ئىلگىرى ئۈممەتنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئۈممەت بولمىسا ئىمام بولمايدۇ. ئىمام ياكى ھاكىمنىڭ بولىشى ئۈممەتكە نىسبەتەن تارماق مەسىلە، ئۈممەت ئاساستۇر. قىيامەت كۈنىگىچە ئىسلام ئۈممىتى يوقالمايدۇ، چۈنكى ئۈممەت ئەقىدىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىمام ياكى ھاكىم شەرىئەتنى تەتبىقلايدىغان ۋە ئۈممەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان سىمۋول ياكى ۋەكىلدىن ئىبارەت. ئىسلام جەمئىيىتى ئەقىدە، شەرىئەت، ئۈممەت ۋە يېتەكچى ھاكىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

ئۈممەت ئىسلامنىڭ ئەقىدە ۋە شەرىئەت روھىغا ئاساسەن تۈزۈملەرنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ، چۈنكى ئىسلام مۇئەييەن قېلىپتىكى سىياسىي تۈزۈمنى تەپسىلاتى بىلەن ئېلىپ كەلمىگەن، بەلكى

سىياسىي تۈزۈمنىڭ پرىنسىپلىرى، مەقسەتلىرى ۋە قائىدىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن. ئۈممەت مۇشۇ پرىنسىپ ۋە مەقسەتلەر ئاساسىدا ھەر دەۋرگە ماس كەلگۈدەك تۈزۈم ۋە شەكىللەرنى پەيدا قىلىشقا قادىر بولالايدۇ.

ئىسلام بىرلىكى ياكى ئۈممەت ئۇقۇمى تىل، مىللەت ۋە ئىرق ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي بىرلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەيدۇ، يەنى ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىغا قارشى تۇرمىغان مىللەت ۋە ۋەتەن ئەزالىقىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ئۈممەتلەرنى باغلاپ تۇرىدىغان ئالاقە تۈرلۈك بولغان. بەزىلىرىنى دىن، ئىدىيە، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە پوزىتسىيىگە ئوخشاش ئىختىيارى ئىشلار باغلاپ تۇرغان. يەنە بەزىلىرىنى زامان، ماكان، نەسەپ ۋە مىللەتكە ئوخشاش ئىختىيارلىق بولمىغان تەقدىرى ئىشلار بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، سىياسىي ئۈممەت ئۇقۇمى بىلەن ئىجتىمائىي ھادىسە ئۇقۇمىدىكى ئۈممەت ئۇقۇمىنى پەرقلەندۈرۈش مۇھىم.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قىممەت قاراشلىرى:

ئەقىدە ۋە شەرىئەت بىرلىكى، ئىبادەت بىرلىكى، ئىدىيە بىرلىكى، ئۈممەت بىرلىكى، غايە بىرلىكى، سىياسىي تۈزۈم بىرلىكى، ئەخلاق ۋە قىممەت قاراش بىرلىكى، مەدەنىيەت بىرلىكى، قېرىنداشلىق بىرلىكى، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بىرلىكى، زېمىن بىرلىكى، ۋە ھىمايە بىرلىكى...قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 4. ئۈممەت ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمدۇر

تەۋھىد ئەقىدىسى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر بىرىنى ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرىدىغان، بىر بىرىگە ھەقىقەتنى تەۋسىيە قىلىپ تۇرىدىغان، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىغان،

بىر بىرىنى ياخشى ئىشلارغا يېتەكلىشىپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان قېرىنداش بىر ئۇممەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئۇممەتنىڭ قارىشى، تەپەككۇرى، مەقسەتلىرى، ئىرادىسى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىردەك بولىدۇ. بۇ ئۇممەتنىڭ بىرسى يېڭى بىر بىلىم ـ مەرىپەت ئۆگەنگەن بولسا، باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويۇشى، بىرسى راھەتكە ئېرىشكەن بولسا باشقىلارنى قاتناشتۇرۇشى، بىرسى بىر ئىشتا نەتىجە قازانغان بولسا باشقىلارغا ياردەم بېرىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇممەت سانىلىدۇ، چۈنكى ھەر بىر مۇسۇلمان دۇنياۋى ئۇممەتنى تەمسىل قىلىدىغان ھۆكۈمەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇممەت نامىدىن سۆزلەش ۋە ئۇممەتكە ۋاكالىتەن ئىش ـ ھەرىكەت قىلىشتىن مەسئۇل بولىدۇ. ئۇممەت سۆزى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇممەتنىڭ بۇ ئۇقۇمى كۈچلۈك بىر ئىدىيە، دۇنياۋى ھۆكۈمەت ۋە دۇنياۋى قوشۇنغا ئىگە بىرلەشكەن مىللەتلەر تۈرىنى تەمسىل قىلىپ بېرىدۇ. ئۇممەت ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدۇر. ئۇممەت ئىجتىمائىي تۈزۈم بولغاندىن سىرت خەلقئارالىق بىر تۈزۈم ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت.

ئۇممەت خەلقئارالىق بىر تۈزۈم بولۇپ، ھەر قانداق مىللەت ياكى خەلقنى تۈرلۈك بولۇش دائىرىسىدە سىغدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. ئۇممەت ئىسلامنىڭ دۇنياۋى ئىجتىمائىي تۈزۈمى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە قۇچاق ئاچىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى يا بۇ ئۇممەت تۈزۈمىگە ئەمەلىي ئەزا ياكى ئېھتىمالىي ئەزا سانىلىدۇ، چۈنكى ئۇممەت مۇسۇلمان بولغان ئۇممەت ياكى دەۋەت قىلىنىدىغان ئۇممەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئۈممەت ئۇقۇمى دۇنيانى ئىلاھى كۆرسەتمە ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىش ۋاستىسىدۇر، زېمىنغا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىزباسارلىق قىلىشتۇر. ئۈممەت ئۇقۇمى دۆلەت ئۇقۇمى بىلەن مەنىداش كېلىدۇ، چۈنكى ئۈممەت دۆلەتتە سىياسىي ھوقۇقنى جارى قىلدۇرىدۇ.

## 5. قېرىنداشلىق

ئىسلام دىنى بىرلىك ۋە كوللېكتىپ مەسىلىسىنى ئۈستۈن كۆرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ۋە ئىناق بولىشى ئۈچۈن ھەمكارلىق ۋە قېرىنداشلىقنى كۈچلەندۈرىدىغان قىممەت قاراشلارغا تەشەببۇس قىلىدۇ. قېرىنداشلىق مەسىلىسى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادى قىممەت قاراش سانىلىدۇ، باراۋەرلىك قېرىنداشلىقنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسىدۇر، چۈنكى قېرىنداشلار ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە باراۋەر بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىسلام قېرىنداشلىقنى ئالاھىدە تەكىتلەپ: «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر»دېگەن (ھوجۇرات سۈرىسى 10 ـ ئايەت). قۇرئان بۇ كۆرسەتمىسى ئارقىلىق قېرىنداشلىقنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى بىر بەدەنگە ئوخشاش تۈيغۇغا كەلتۈرگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا كۆيۈنۈشى، بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ شەپقىتى ۋە ھېسداشلىق قىلىشى بىر بەدەنگە ئوخشاپ كېتىدۇ، چۈنكى بەدەننىڭ بىر ئەزاسى ئاغرىپ قالسا، بەدەننىڭ قالغان ئەزالىرى قىزىتىپ كېتىش ياكى ئۇخلىيالماسلىق بىلەن قىينىلىپ كېتىدۇ، مۇسۇلمانمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تۇيغۇدا ياشايدۇ» دېگەن (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ بۇ مەزمۇننى تېخىمۇ تەكىتلەپ: «مۇسۇلمان بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرمىگۈچە مۆمىن بولالمايسىلەر» دېگەن (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى).

«مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ جېنىنى، ئابروينى ۋە مال - مۈلكىنى قوغدايدۇ. ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، خىيانەت قىلمايدۇ، ئۇنىڭدىن ياردىمىنى ئايىمايدۇ، ئۇنى تۆۋەن كۆرمەيدۇ، ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ھىمايە قىلىدۇ، ياردەم بېرىدۇ ۋە دۈشمەنگە تۇتۇپ بەرمەيدۇ» (ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى).

ئىسلام قېرىنداشلىقى پەرز دەرىجىسىگە يېتىدۇ، چۈنكى بىر مۇسۇلمان ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى يەنە بىر مۇسۇلمانغا خۇش كۆڭۈللۈك بىلەن ياخشى كۆرمىسە، ئىمانى تولۇق بولمايدۇ. بۇ قېرىنداشلىق ئۆز - ئارا ياخشىلىق قىلىش ۋە كۆيۈنۈش دەرىجىسىنى ئىماندىن ئىبارەت يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. مۇسۇلمانلارنى يەككە، كوللېكتىپ ياكى جەمئىيەت شەكلىدە بولسۇن ياخشى ۋە تەقۋالىق بولىدىغان ئىشلاردا ئۆز - ئارا ھەمكارلىششقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام قېرىنداشلىقى ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىقتىسادى ھەمكارلىقتىن ئىبارەت.

## سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيەتلىرىگە رىئايە قىلىش

### 1. سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى

ئۈممەت ۋە مىللەتلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە نەتىجە قازىنىشى كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلىشقا

باغلىق. ئاللاھ بىزگە ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەرگەن بەزى مىللەتلەر باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ، كۈچى بىلەن مەغرۇرلانغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى جازالىغان، كۈچ - قۇۋۋىتىنى يوق قىلىۋەتكەن ۋە خار ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. شۇنداقلا بەزى مىللەتلەر غەلىبە ۋە ئىززەت يولىنى تۇتۇپ مېڭىپ، ئارزۇسىغا يەتكەن ۋە مەقسىتىگە ئېرىشكەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرگەن.

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىنسانىيەت تارىخىدىن پايدىلىنىش، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش سەۋەبلىرى ۋە ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى بىلىش نەتىجە قازانغان يېتەكچىلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ سۈپىتىدۇر. مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ زېمىندا ئىزدىنىش ۋە كەشىپ قىلىش مەقسىتى بىلەن ساياھەت قىلىڭلار دېگەن كۆرسەتمىسىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت ياراتقان ئىدى.

ئاللاھنىڭ سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيەتلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، بىر مىللەتكە خاس بولمايدۇ، زامان ۋە ماكان بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىش - ھەرىكەتلەر ئىنسانلار ئارىسىدا تەخمىنەن يۈز بەرمەيدۇ، ھاياتلىق ئەھمىيەتسىز جارى بولمايدۇ، ئىنسان ھاياتىدا ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم قانۇنىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ، ھايات بۇ قانۇنىيەتلەردىن غايىپ قىلىپ قالمايدۇ. سىياسىي ئىسلاھات ھەر قانچە كۈچلۈك بولسىمۇ سەۋەب - نەتىجىدىن ئىبارەت ئىلاھىي قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلمايدىكەن، نەتىجە قازىنالمايدۇ. («قۇرئاندىكى سەۋەب - نەتىجە قانۇنىيەتلىرى» ناملىق كىتاۋىمغا قاراڭ)

قۇرئان كەرىم تارىخ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان مۇقىم ئۆزگەرمەس تارىخى ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەر چۈشەنچىسىنى ئىنسان ئىدىيىسىگە ئېچىپ بېرىدىغان بىرىنچى كىتابتۇر:

«سىلەردىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئۇممەتلەر كېلىپ كەتتى، يەر يۈزىدە ئايلىنىڭلار، ھەقنى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراڭلار» (ئال ئىمران سۈرىسى،137 ـ ئايەت). ئاللاھ بۇ ئايەتتە بىزگە كائىنات ۋە ھاياتتا قانۇنىيەتلىرىم بار، شۇ قانۇنىيەتلىرىمنى چۈشىنىڭلار، دەپ خەۋەر قىلىۋاتىدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەر ئىنسانغا ئويغىنىش ـ غاپىل قېلىش، غەلىبە قىلىش ـ مەغلۇب بولۇش سەۋەبلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئىنسان بۇ قانۇنىيەتلەردىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ ياكى قارشى تۇرالمايدۇ ياكى ۋاز كېچەلمەيدۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئىزدىنىش ئۇستۇنلۈككە ئېرىشىش ياكى يېقىلىپ چۈشۈشكە ئېلىپ بارىدىغان مۇقەددىمىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلاپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئۇ قانۇنىيەتلەر ئۇممەتنى ھىدايەت قىلىشنىڭ سەۋەبىدۇر: «ئاللاھ سىلەرگە شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ يوللىرىغا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى، تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ» (نىسا سۈرىسى 26 ـ ئايەت). ئاللاھ كىشىلەرگە ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قائىدىلەرنى ۋە ھېكمىتىنى ئېچىپ بەرمەكچى. بۇ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش تەۋبە قىلىشنىڭ سەۋەبىدۇر، تەۋبە قىلىش يەككە سەۋىيە بويىچە بولغاندا ياخشىلىققا ئۆزگىرىش ئىرادىسىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئېلىپ ئېيتقاندا رېئاللىقنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سەلبىي تەرەپلەرنى كوللېكتىپ ھالدا قايتا تەكشۈرۈپ چىقىشنى، مەدەنىيەت جەھەتتىن قارىغاندا ئارقىدا قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ۋەزىيەتلەرنى تۈزىتىشنى ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى مۇستەھكەملەشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ قانۇنىيەتلەر ئىلاھى ئادالەتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بولغان بىر كۆرۈنۈشتۇر. چۈنكى بۇ قانۇنىيەتلەر بىر ئىنسان بىلەن يەنە بىر ئىنسان ئارىسىنى، بىر مىللەت بىلەن يەنە مىللەت ئارىسىنى ئايرىپ قارىمايدۇ. ياخشى ئىشلار دائىم گۈزەل نەتىجە يارىتىدۇ، يامان ئىشلار دائىم يامان ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتتۇر: «بۇ ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر، ئاللاھنىڭ تۇتقان يولىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش تاپالمايسەن» (ئەھزاب سۈرىسى 62 ـ ئايەت). ئەگەر بۇ قانۇنىيەتلەر مۇقىم ۋە ئۆزلۈكسىز داۋاملاشمايدىغان بولسا، بۇرۇنقى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئىبرەت ئېلىشنىڭ پايدىسى بولمىغان بولاتتى.

قۇرئان كەرىمگە قارايدىغان بولساق، كۆپلىگەن ئورۇنلاردا سەۋەب بىلەن نەتىجە ياكى مۇقەددىمە بىلەن نەتىجىنى باغلاپ مۇقەررەرلەشتۈرگەن. مەسىلەن، ئاللاھ مۇسىبەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى قانۇنىيىتىنى بايان قىلىپ: «سىلەرگە ھەر قانداق مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ» دەيدۇ (شۇرا سۈرىسى 30 ـ ئايەت). مىللەتلەرنى جازالاشتىكى قانۇنىيىتىنى بايان قىلىپ: «ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى بۇزغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى رەھمىتىمىزدىن يىراق قىلدۇق، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى (ئىماننى قوبۇل قىلىشقا يۇمشىمايدىغان دەرىجىدە) قاتتىق قىلدۇق»دەيدۇ (مائىدە سۈرىسى 13 ـ ئايەت).

شەرىئەتنىڭ ھەممىسى سەۋەب ۋە نەتىجىدىن ئىبارەت، تەقدىرىمۇ سەۋەب ـ نەتىجىدىن ئىبارەت. نەتىجىلەر سەۋەبلىرىگە شەرئى ۋە تەقدىر جەھەتتىن باغلىنىپ كېتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتلىرىمۇ سەۋەبكە باغلانغان. ئىمام

غەزالى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھېكمەتنى نامايان قىلىش ئۈچۈن نەتىجىلەرنى سەۋەبكە باغلاش ئارقىلىق قانۇنىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرغان، دورا ۋە داۋالىنىش باشقا سەۋەبلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن بويسۇندۇرۇلغان سەۋەبتۇر» (دىن بىلىملىرىنى گۈللەندۈرۈش، 285 ـ بەت).

## 2. ئۈممەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇش ئامىللىرى

مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبلىرىنى بىلىش، ئۇ يامان ئاقىۋەتكە يولۇقۇشتىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلىدۇر. ئاللاھ بۇ ئۈممەتنىڭ يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ئىسلاھ قىلغۇچىلاردىن بولۇشقا قىزىقتۇرغان ۋە پاساتچىلىقنىڭ مىللەتلەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان ئامىل ئىكەنلىكىدىن تەكرار ئاگاھلاندۇرغان. ئەگەر ئۈممەت ياكى مىللەت پاساتچىلىق (بۇزغۇنچىلىق) نىڭ ئالدىنى ئالمىسا ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، مۇناسىپ ھەل قىلىش چارىلىرىنى قوللانمىسا، بۇ مىللەتمۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ھالاك بولىدۇ ۋە جازالىنىدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ ئاھالىسى ئىسلاھات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يۇرتلارنى زۇلۇم سېلىپ ھالاك قىلمايدۇ» (ھۇد سۈرىسى 117 ـ ئايەت).

ئىسلاھاتنىڭ زىددى بولغان بۇزغۇنچىلىق ياكى بۇزۇلۇش دېگەن سۆز ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن ئوتتۇراھاللىقتىن چىقىپ كېتىش دېگەن بولىدۇ. تۆۋەندە ۋەيران بولۇشقا باشلاپ بارىدىغان بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئەڭ خەتەرلىك سەۋەبلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

**1) كۇپۇرلۇق**

ئاللاھقا تۇزكورلۇق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئىبادەت

قىلىش زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئامىللىرىدىن بىرىدۇر. دەۋرلەر بويى ئىنسان ھاياتىنىڭ تارىخىغا قارىغان كىشى خاتىرجەم ۋە ياخشى ھاياتنىڭ ئالالاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىش ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتىغا بويسۇنۇش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى، ھاياتتىكى ھەر قانداق بۇزغۇنچىلىق، يامانلىق، مۇسىبەت ۋە مەھكۇملۇقنىڭ يا ئالالاھدىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلغانلىق ياكى پەيغەمبەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە قارشى چىققانلىقتىن كېلىدىغانلىقىنى بايقىيالايدۇ.

كۇپۇرلۇق ئىككى مەنىدە كېلىدۇ، بىرى ئالالاھقا ۋە دىنغا ئىشەنمەسلىك، يەنە بىرى ئاللاھ بەرگەن نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىش دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى تۇزكورلۇقنىڭ ھەر ئىككى تۈرى بۇزغۇنچىلىق ۋە مەھرۇم بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئامانلىق، خاتىرجەملىك ۋە ئەركىنلىك نېمەتلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ھەر تەرەپلىمە ئىبادەتنى قىلماي، دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى خورلاپ تاشلىغان مىللەت بۇ نېمەتلەردىن مەھرۇم بولۇش ياكى مەھكۇملۇق بىلەن جازالىنىدۇ.

ئالالاھقا توغرا يوسۇندا ئىبادەت قىلماسلىق ياكى ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش نېمەتلەرنىڭ قولدىن كېتىش سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر: «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى» (رۇم سۈرىسى 41 ـ ئايەت).

تەسەۋۋۇر ۋە ئىدىيەنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ جازاغا ئۇچراشنىڭ بىر سەۋەبىدۇر، ئۇنداقتا تەپەككۇر ۋە ئىدىيەنى ئىسلاھ قىلىش ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. رەسۇلۇللاھ بىر ھەدىستە: «قەلبتىن

ئىبارەت ئىدىيە ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ مەركىزى ساغلام بولسا، باشقا ئەزالارنىڭ ھەممىسى ساغلام ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر قەلبتىن ئىبارەت ئىدىيە ۋە تەسەۋۋۇر مەركىزى بۇزۇلسا، بەدەننىڭ ھەممە ئەزالىرى خاتا دەسسەشكە باشلايدۇ» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

2) زۇلۇم قىلىش ۋە ھەددىدىن ئېشىش

زۇلۇم قىلىش، ھەددىدىن ئېشىش، زالىملارغا يان بېسىش مەغلۇبىيەت ۋە يامان ئاقىۋەتكە سەۋەب بولىدۇ. زۇلۇم قىلىش سەۋەبىدىن مىللەتلەرنىڭ ھالاك بولىشى ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر: «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر زۇلۇم قىلغاندا، ھەقىقەتەن ئۇلارنى ھالاك قىلدۇق، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن مۆجىزىلەرگە) ئىمان كەلتۈرمىدى. گۇناھكار قەۋمنى شۇنىڭغا ئوخشاش جازالايمىز» (يۇنۇس سۈرىسى 13 ـ ئايەت). بۇ يەردىكى ھالاكەت يا زالىم مىللەتنىڭ مەھكۇملۇققا دۇچار بولىشى يا پۈتۈن يوقىلىشى يا يۇرتىنىڭ خاراب بولىشى ئارقىلىق بولىشى مۇمكىن.

بۇ يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ بىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسلاھات يولىنى تۇتۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە زۇلۇمنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىدىغان ئىشلارنى قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» (ئەنفال سۈرىسى 25 ـ ئايەت).

3) ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى

ئىسلام شەرىئىتى ئىنساندا جىنسى شەھۋەتنىڭ تەبىئىي بارلىقىنى

ئېتىراپ قىلغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى چەكلەشكە ياكى بىلمەسكە سېلىشقا چاقىرمىغان، بەلكى ئىنسان نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەر ـ ئاياللىقتىن ئىبارەت توغرا يول ئارقىلىق جىنسى شەھۋەتنى قاندۇرۇشقا بۇيرۇغان. ئىسلام ئەخلاقنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان راھىبلىقنى ھارام قىلغان ۋە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ جىنسى مۇناسىۋىتىنى ھارام قىلغان. نەسەب ۋە ئابروينىڭ ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەر ـ ئايال ئارىسىدا نىكاھ قىلىشقا قىزىقتۇرغان ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغان تۈرلۈك ئامىللاردىن ئاگاھلاندۇرغان.

جىنسى شەھۋەتنى قاندۇرۇشتا زىنا قىلىش ۋە ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ ئالاقىسىغا ئوخشاش رەزىل ئىشلارغا قاتتىق قارشى تۇرغان ۋە ئۇ ئىشلارنى ئۈممەتنىڭ ھالاكىتى دەپ كۆرسەتكەن : «زىنا ـ پاھىشە بىر مىللەتتە ئاشكارا قىلىنىدىغان سەۋىيىگە يەتسە، ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان كېسەل ۋە دەرد ـ ئەلەملەرنى پەيدا قىلىش بىلەن جازالايدۇ» (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

چۈنكى ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى مىللەتنىڭ ۋەيران بولۇش ئامىللىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شەرىئەتنىڭ توسقانلىقىغا قارىماي، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ جىنسى شەھۋەتكە غەرق بولغان، رەزىل ئەخلاقلارغا كۆنۈپ قالغان، زاۋاللىق ۋە خورلۇققا سەۋەب بولىدىغان گۇناھلارنى قىلىپ، جىنايەت سادىر قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ. زىنا ـ پاھىشە ئاشكارا كەڭ تارقىلىپ كەتكەن، گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ ھەممىسىگە كۆنۈپ قالغان، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنماستىن توغرا ـ خاتانى بىلىپ تۇرۇپ رەزىل ئىشلاردا ئىنسانلىقىدىن چەتنىگەن

مىللەت قانداقمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىغا يولۇقمىسۇن!

4) ئىقتىسادىي بۇزۇلۇش

ئىقتىساد مەسىلىسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى مەشغۇل قىلىۋاتقان مەسىلە ئىكەنلىكىدە ھېچكىم تالاش - تارتىش قىلمايدۇ. مال - دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ئىنساننىڭ خاراكتېرىدىكى بىر مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام ئىقتىسادى مۇئامىلە ۋە ئىقتىساد ئالاقىسىغا قارىتا كۆز - قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مال - دۇنيانى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ياخشى كۆرۈش ئىنساننىڭ ساغلام تەپەككۇر قىلىش ئاساسلىرىنى يوقىتىپ قويىدۇ ۋە قىممەت قاراشلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ، نەتىجىدە مال - دۇنيا ۋە يۈز - ئابروينىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ. ئىسلام مال - دۇنيا تېپىشقا، ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈشكە قىزىقتۇرىدۇ، بىراق مال - دۇنياغا قۇل بولۇپ قېلىشنى چەكلەيدۇ. مال - دۇنياغا قۇل بولۇپ قېلىش شەيتانغا قۇل بولۇشقا باشلاپ بارىدۇ.

ئىسلام ئىقتىساد ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن بىر بۆلەك خاتا سودا - سېتىقلاردىن توسقان. مەسىلەن، جازانىخورلۇق، قىمار، پارىخورلۇق، ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق، ئوغرىلىق، ئىسراپخورلۇق، مۇھتاجلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىق، سەدىقە - زاكات بەرمەسلىك، ھارامدىن پۇل تېپىش، باشقىلارغا زىيان سېلىش، مەبلەغ سالماسلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇش تەڭپۇڭسىزلىقىنى ئىقتىسادىي بۇزۇلۇش ئامىللىرى دەپ قارىغان.

قۇرئان كەرىمنىڭ مىسال كەلتۈرۈشىدە، شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىقتىسادى بۇزۇقچىلىق ۋە چىرىكلىكتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن

ئىكەن. شۇئەيب ئەلەيھسسالام ئۇلارغا، تارازىدا ئادىل بولۇڭلار، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغا زۇلۇم قىلماڭلار، بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىپ خاتىرجەم ھاياتنى بۇزماڭلار دەپ نەسىھەت قىلغان : «(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ» (مۇتەففىفىن سۈرىسى 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر). بىراق ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ئازابقا دۇچار بولغان: «زۇلۇم قىلغانلار قاتتىق ئاۋاز ساداسى بىلەن جازالاندى، ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىدە ئۆلتۈرغان پېتى قېتىپ قالدى» (ھۇد سۈرىسى 95 ـ ئايەت).

## 3. مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىش ۋە كۈچلىنىش ئامىللىرى

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئويغىنىش ۋە گۈللىنىش ئامىللىرىنىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى بار. بۇ تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئېتىقادى ۋە ئۈممىتىگە ئىخلاسمەن، سەممىيەتچى ۋە ئاڭلىق ئەقىل ئىگىلىرىگە مۇھتاج بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىززەت ـ شەرەپكە ئېرىشكەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىدە يۈكسەك نەتىجە قازانغان مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئۆرنەكلىرىنى كەلتۈرگەن. قايسى مىللەت ياكى دۆلەت شۇ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىدىكەن، چوقۇم نەتىجە قازىنىدۇ. ئاللاھنىڭ كائىنات ۋە ھاياتلىقتىكى سەۋەب ـ نەتىجە قانۇنىيەتلىرىنى قايسى بىر مىللەت ياخشى بىلسە، ئۇ بۇ قانۇنىيەتلەردىن كۆپرەك پايدىلىنالايدۇ.

تۆۋەندە مىللەتلەرنىڭ ئويغىنىشى ۋە كۈچلىنىشىگە ئالاقىدار مۇھىم بىر قانچە ئامىللار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

**1) ئاللاھقا سەمىمى ئىمان كەلتۈرۈش**

ئاللاھقا ئىشىنىش ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەل قىلىش ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرى سانىلىدۇ. چۈنكى ئىمان قەلبتىكى، ھېسسى ئەزالاردىكى ۋە باشقا ئەزالاردىكى نۇر بولۇپ، نەرسىلەرنىڭ ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ۋە ئالاقىلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. سەممى ئىمان قەلبنى نۇرلاندۇرىدۇ، ئەقىلنى يۈزلەندۈرىدۇ، ئىرادىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ ۋە ھىممەتنى يۈكسەلدۈرىدۇ. ئۇ خاتىرجەملىك، ئىززەت - شەرەپ ۋە گۈللىنىش يولىدۇر: «ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) خاتىرجەم ياشىتىمىز. ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» (نەھل سۈرىسى 97 - ئايەت).

ئىمان كونترول قىلمىغان ھاياتلىقنىڭ قىممىتى بولمايدۇ، گەرچە مىللەتلەر ماددىي جەھەتتىن تەرەققى قىلىپ، ئىمان جەھەتتىن ئارقىدا قالغان بولسا، ئۇزۇنغا بارماي يوقىلىدۇ: «ئەگەر ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ئاسمان - زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرى ۋە بەرىكەتلىرىنى مۇيەسسەر قىلغان ۋە كېڭەيتىپ بەرگەن بولاتتۇق، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق» (ئەئراف سۈرىسى 96 - ئايەت).

ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ ھاياتىدىن تەجرىبە ساۋاق ئېلىشقا دىققىتىمىزنى قارىتىۋاتقان مانا بۇ ئايەت ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىنى

بەختلىك قىلىش، گۈللىنىش ۋە نېمەتنىڭ كەڭرى بولۇشىدا رولىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلىمەكتە. دېمەك، توغرا چۈشەنچىدىكى سەممىي ئىمان ۋە تەقۋالىق مىللەتلەرنىڭ بەرىكەت ۋە پاراۋانلىققا ئېرىششىنىڭ شەرتىدۇر.

**سەممىي ئىماننىڭ تەقەززاسى ياخشى ئىش - ھەرىكەتتۇر:**

ياخشى ئىش - ھەرىكەت: ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىسى بولغان ھەر قانداق بىر ئىش - ھەرىكەت ياخشى ئىش دەپ سانىلىدۇ. يەنى بىر ئادەمنىڭ دىنى ۋە دۇنيالىقىنى بۇزماستىن، مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن ئىش - ھەرىكەتتۇر. ياخشى ئىش - ھەرىكەت ئىسلاھات يولىدىكى ئاساسلىق قەدەمدىن ئىبارەت. قۇرئان كەرىمدە ياخشى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىمان بىلەن بىرلىشىپ كەلگەنلىكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ياخشى ئىش - ھەرىكەت بولمىسا ساغلام ئىمان مەۋجۇت بولمايدۇ، ياخشى ئىش - ھەرىكىتى يوق ئىمان سايىسىز ۋە مېۋىسىز دەرەختكە ئوخشايدۇ، ئىمانسىز ياخشى ئىش - ھەرىكەت روھسىز بەدەنگە ئوخشايدۇ.

ياخشى ئىش ھەرىكەت مەيدانى ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پايدا كەلتۈرگەن ياكى زىياننىڭ ئالدىنى ئالغان ھەر قانداق بىر ئىش ياخشى ئىش - ھەرىكەت دەپ سانىلىدۇ.

ياخشى ئىش - ھەرىكەت ئىماننىڭ نەتىجىسىدۇر: «كىمكى مۆمىن بولۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمەلىنىڭ (ساۋابى) زايە كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىنى چوقۇم خاتىرلەپ قويىمىز» (ئەنبىيا سۈرىسى 94 - ئايەت). مانا بۇ ئىش -

ھەرىكەت ۋە مۇكاپات ـ جازا قانۇنىدۇر، ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت ئىمان ئاساسىدا قىلىنىدىكەن ھەرگىز زايە بولۇپ كەتمەيدۇ. ئىمان ئېيتىش ھاياتلىقنىڭ ئۇلى بولسا، ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت ئىماننىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. ئىمان دېگەن ئاللاھقا يۈزلىنىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىش، ئىش قىلىش، قۇرۇپ چىقىش ۋە گۈللەندۈرۈش دېمەكتۇر.

بىرەر ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن ھەممىدىن بۇرۇن شۇ ئىشنى بىلىش، ئاندىن نىيەت قىلىش، سەممىي بولۇش ۋە قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش لازىم. ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ يۇقىرىقى ئۆلچەملىرىگە رىئايە قىلغاندا ئاندىن قىلغان ئىش ـ ھەرىكەت ئۈنۈم بېرىدۇ، كۆڭۈل خۇرسەن بولىدۇ، غەلىبىنىڭ يولى ئېچىلىدۇ، دەرىجىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە ھىدايەتنىڭ ئۈزۈلمەسلىكىگە سەۋەب بولىدۇ.

2) *ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈش*

يۇقىرىدا ئادالەتنىڭ بۇ ئۈممەتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئايرىلماس سۈپىتى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئادالەتكە باشقا دىن، باشقا ئىرق، باشقا رەڭنىڭ توسالغۇ بولالمايدىغانلىقىنى، دۈشمەن بولسىمۇ ئادىل مۇئامىلە قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە توختالدۇق. دىنىمىزدا ئادالەت ئىنساننىڭ ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئىي ھەققىدۇر، ھەر بىر مۇسۇلمان چوڭ ـ كىچىك ھەر قانداق بىر مەسىلىگە ھۆكۈم چىقارغاندا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشقا بۇيرۇلغان. بۇ ئۈممەتنىڭ ھاياتىدا ئادالەت ياكى ئادىللىق قۇرۇق شوئار ياكى قۇرۇق ۋەسىيەت بولۇپ قالمىغان، گەرچە ھاكىملارنىڭ دىندارلىق ئەھۋالى پەرقلىق بولسىمۇ، بۇ ئۈممەت ئەمەلىي ياشىغان ۋە

ئەمەلىي ھاياتىدا تەتبىقلىغان رېئاللىقتۇر. مۇسۇلمانلار ھاياتى ئادالەتنى تەتبىقلايدىغان ياكى تەشەببۇس قىلىدىغان ئادەمدىن خالى بولۇپ باقمىغان.

ئادىللىق مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىق قانۇنىيىتىدۇر، مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىشى ئادالەتنى تەتبىقلاشقا باغلىقتۇر. قۇرئان كەرىمدە مىسال تەرىقىسىدە دۆلىتى شەرق ۋە غەربكىچە كېڭەيگەن زۇلقەرنەيننىڭ ۋەقەلىكى تىلغا ئېلىنغان. ئۇ ئادالەت يولىنى تۇتۇپ ماڭغان ھاكىم ئىكەن. ئۇنىڭغا ھاكىمىيەت، قۇرۇلۇش، تەرەققىيات ۋە پاراۋانلىقتا ئاجايىپ سەۋەب - چارىلەر مۇيەسسەر بولغان ئىكەن. ئۇ ئاللاھ نېسىپ قىلغان ياخشىلىقنىڭ بۇ سەۋەبلىرىنى قەدىمى باسقان ھەر يەردە راۋاجلاندۇرغان. نەگىلا بارسا ھىدايەت، ياخشىلىق ۋە يۈكسەك غايە مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان.

زۇلقەرنەيننىڭ قولغا كەلتۈرگەن بۇ غەلىبىسى ھەقىقەت ۋە ئادالەت يولىنى تۇتۇپ ماڭغانلىقتىن، بىلىم - مەرىپەت ۋە ئالىي - سەۋىيىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق سەۋەب - چارىلەرنى قوللانغانلىقتىن كەلگەن. قايسى بىر ھاكىم ئادىل ۋە ئىنساپلىق بولسا ھاكىمىيىتى مۇقىم بولىدۇ، ئىشلىرى تەرتىپلىك ماڭىدۇ. ئىشلىرى تەرتىپلىك ماڭسا كۈچلىنىدۇ، پەزىلەت جانلىنىدۇ ۋە زۇلۇمغا قارشى جەڭلەردە غەلىبە قازىنىدۇ. غەلىبە قىلسا ئىنساپ قىلىدۇ، مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، سەۋەبلەر مانا مۇشۇنداق بىر بىرى بىلەن زىچ باغلانغاندا ئىشلار تۈزۈلىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ زۇلقەرنەيىن توغرىسىدا بەرگەن خەۋىرىگە قاراپ باقايلى: «ئۇ كۈن پېتىش تەرەپكە يېتىپ بارغاندا،

كۈنىنىڭ قارا لايلىق بۇلاقىقا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىدا بىر تۈرلۈك قەۋمنى ئۇچراتتى زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: كىمكى زۇلۇم قىلغان بولسا، بىز ئۇنى جازالايمىز، ئاندىن ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىدۇ، پەرۋەردىگارى ئۇنى قاتتىق جازالايدۇ. كىمكى ئىمان ئېيتسا ۋە ياخشى ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇنى قولاي ئىشقا بۇيرۇيمىز»(كەھف سۈرىسى 86 ـ 88 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئايەت زۇلقەرنەيىننىڭ زالىمنى ئۇيلاپ باقمىغان دەرىجىدە قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى، ياخشى كىشىلەرنى مۇكاپاتلاپ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. دېمەككى، ئۇ قەدىمى باسقان ھەر يەردە ئادالەت قانۇنىنى ئېلان قىلغان، نەتىجىدە مەزلۇم خەلقلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. دېمەك، ئۈستۈنلۈك، كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە نوپۇزغا ئېرىشىشنىڭ توغرا يولى ئادالەت يولىدۇر.

### 3) بىلىم ـ مەرىپەت، يېڭى ئىلىم ـ پەنلەر ۋە تەجرىبىلەر

قىلماقچى بولغان ئىشنى توغرا ۋە ياخشى بىلىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتىن ئىلگىرى بىلىشكە بۇيرۇماقتا. ئىش ـ ھەرىكەتتىن ئىلگىرى بىلىم ـ مەرىپەت ئېلىش لازىم، سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن بىلىپ ئىش قىلىش شەرت، دېگەن كۆرسەتمىنى بەرمەكتە. توغرا تەلىم ـ تەربىيە ئويغىنىش ۋە گۈللىنىشنىڭ ئاساسي، ئىنسانىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئىنېرگىيەنىڭ ئاساسىي، توغرا تەلىم ـ تەربىيە بولمىسا ئىشلەپچىقىرىش بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىم ھەر زامان بىزنى بىلىم ـ مەرىپەت ئېلىشقا ۋە

ئىلمىي قابىلىيىتىمىزنى ئاشۇرۇشقا بۇيرۇماقتا: «ئى پەرۋەردىگارىم! بىلىم ـ مەرىپىتىمنى زىيادە قىلسىلا» (تاھا سۈرىسى 114 ـ ئايەت) دېيىش ئارقىلىق بىلىم ـ مەرىپەتنى ئاشۇرۇش يوللىرىغا كۆرسەتمە بەرمەكتە. بىلىم ـ مەرىپەتنىڭ پايدىلىق بولىشى ئۈچۈن تەقۋا بولۇشقا بۇيرۇماقتا : «ئاللاھنىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلمنى بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر » (بەقەر سۈرىسى 29 ـ ئايەت).

ئۇنداقتا ساۋاتسىزلىقنىڭ بارلىق كۆرۈنۈشلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇرئاندىن ئىبارەت مۆجىزە خاراكتېرلىك تىلاۋەت قىلىنىدىغان كىتاب بىلەن كائىنات، يارىتىلىش ۋە ئىنسانىيەت تەجرىبىسىدىن ئىبارەت ئوچۇق كىتابنى تەڭ ئوقۇش لازىم. ئىنسان ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى، زېمىننى گۈللەندۈرۈشى ۋە ئېمتىھان سىناقلىرىدىن نەتىجە قازىنىشتا يېتەرلىك مەرىپەتنىڭ تېپىلىشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئىككى كىتابنى تەڭ ئوقۇشى كېرەك. يېتەرلىك مەرىپەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن باشقىلاردىن پايدىلىنىشى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشى ۋە مەرىپەت مەسىلىسىدە كىمدىن چىقىشتىن قەتئىي نەزەر زاھىدلىق قىلماسلىقى كېرەك. كېيىنكىلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىشى ۋە ئاللاھ مەرىپەتنىڭ ۋاستىسى قىلىپ بەرگەن قەلەمنى ئىستىمال قىلىشى زۆرۈر. باشقا ئىنسانلاردىكى تەجرىبە ۋە مەرىپەت «ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى» (ئەلەق سۈرىسى 5 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئىنساننى مەدەنىيەت مەرىپەتلىرىگە ۋە زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا يېتەكلىگۈزىدىغان مەرىپەت مەنبەلىرى بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئىككى مەنبەدۇر. ئىنسان بۇ ئىككى مەنبەنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇشى، بىرەسىدىن غاپىل قالماسلىقى، ئىككى خىل ئوقۇش بۇيرۇقىنى تەڭ ئورۇنلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا قۇرئاننى ئوقۇش ئارقىلىق يارىتىلىش، مەۋجۇدىيەت ۋە مەۋجۇدىيەت ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىدۇ. كائىناتنى ئوقۇش ئارقىلىق كائىناتنى چۈشىنىدۇ، زېمىننى گۈللەندۈرۈش، تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە قۇرئاننىڭ يوليورۇقى بويىچە مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا توغرا يول تاپىدۇ. قۇرئان كىرىمدىن ئىبارەت ۋەھيىنى ئوقۇش يارىتىلىشتىكى غايىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئىنسانىيەت مۇھتاج بولىدىغان قانۇن، يول ۋە ئاساسلىق ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن سىرت مەۋجۇدىيەتنىڭ ھەرىكىتىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلەرنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. («ئىسلام ۋە ئىلىم ـ پەن» ناملىق كىتاۋىمغا قاراڭ).

مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ گۈللىنىشى توغرىسىدا يەنىلا قۇرئان كەرىم مىسال كەلتۈرگەن زۇلقەرنەيننىڭ مىسالىغا قاراپ باقايلى. ئادىل ۋە ياخشى ھاكىم زۇلقەرنەيىن كۆزى يەتمەيدىغان دۆلەتنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاش بىلەن بىرلىكتە بىلىم ـ مەرىپەت، سانائەت ۋە يېڭى ئىجادىيەتلەرنىمۇ تەڭ ئېلىپ ماڭغان. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋەبلىرى، بىلىم ـ مەرىپەت سەۋەبلىرى، يېزا ئىگىلىك ۋە تىجارەت سەۋەبلىرىگە ئىگە ئىدى. توسما سېلىش ۋەقەلىكىدە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار: «ئى زۇلقەرنەيىن!

يەجۇج بىلەن مەجۇج يەر يۈزىدە ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، بىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر توسما سېلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، بىر قىسىم مېلىمىزنى ساڭا تۆلىسەك بولامدۇ؟» دېدى. زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: <ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ - قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سەلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي. ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار، (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، زۇلقەرنەيىن: كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار>. تۆمۈر پارچىلىرى (قىزىپ) ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا (ئېرىتىلگەن مىسنى) بېرىڭلار، ئۈستىگە تۆكەي> دېدى. ئۇلار (يەنى يەجۇج - مەجۇج) ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى» (كەھف سۈرىسى 94 - 97 - ئايەت).

زۇلقەرنەيىن ئادالەتنى ئاساس قىلغان ۋە ئادالەت ئۈچۈن مەزلۇملارغا ياردەم بەرگەن ھاكىم ئىدى، ئۇ مال - دۇنيا ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىغان، بەلكى ئادالەتنى تارقىتىش، ھەقنى تۇرغۇزۇش ۋە ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئىسلاھ قىلىدىغانلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىققا قارشى تۇردىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

ھاكىم خەلققە تۈرلۈك باج قويۇپ زۇلۇم قىلمىسا، خەلق ھاكىمغا بەدەن كۈچى بىلەن ھەمكارلىشىدىكەن. زۇلقەرنەيىن توسما سېلىش جەريانىدا ئۇ بىچارە خەلققە ھەربى، قۇرۇلۇش ۋە ئىقتىساد تەجرىبىلىرىنى تەقدىم قىلغان.

مۇسۇلمانلار بۇرۇنقىدەك تېخنىكا ۋە سانائەت پەنلىرىگە ئالاقىدار

قانۇنىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا، ئەلۋەتتە مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي ۋە مائارىپ جەھەتتىن كۈچلۈك بولىدۇ. مانا بۇلار ئىنسانىيەتنىڭ زېمىندىكى ئىزباسارلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىنىڭ شەرتىدۇر.

مۇسۇلمانلار ئىسلاھات ئاساسلىرىنى قۇرئان كەرىمدىن ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاجىزلىق، ئارقىدا قېلىش ۋە چىرىكلىك كېسەللىكىگە دۇچار بولغان. مۇسۇلمانلار قايتىدىن ئىززەتلىك ھاياتقا ئېرىشمەكچى بولسا، ئىلمىي جەھەتتىن يۈكسەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن دىنىمىزنىڭ پرىنسىپال مەسىلىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلامنىڭ روھىي ۋە مەقسەتلىرى ئاساسىدا يېڭى دەۋرنىڭ مەنپەئەتلىك بىلىم - مەرىپەتلىرىدىن پايدىلىنىشى لازىم. شۇنداق بولغاندا ئىسلام دۇنياسى ئورنىدىن دەس تۇرالايدۇ ۋە يىقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان دۇنيانى قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ. تۈرلۈك ساھەلەردە ساغلام يېتىشكەن بىلىم ئىگىلىرى مىللەتلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئويغىنىش مەنبەسىدۇر.

## تۆتىنچى بۆلۈم

# ھاكىم بىلەن خەلقنىڭ ئالاقىسى ۋە ئۆز - ئارا مەسئۇلىيەتلىرى

دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتىنىڭ نۇقتىلىق رول ئوينايدىغانلىقىدا شەك يوق، ئىچكى جەھەتتىن ئىسلاھات بولمىسا، ئىسلاھات ھەققىدە سۆز ئېچىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. قۇرئان كەرىم ئىچكى سىياسىي ئىسلاھاتقا يول كۆرسەتكەن: «مۇسا قېرىندىشى ھارۇنغا: «(مەن قايتىپ كەلگەنگە قەدەر)قەۋمىمگە مېنىڭ ئورۇنباسارىم بولۇپ تۇرغىن، (ئۇلارنىڭ ئىشىنى) تۈزىگىن، بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ يولىدا ماڭمىغىن» دېگەن (ئەئراف سۈرىسى 142 - ئايەت). بۇ ئايەتكە ئاساسەن ئۈممەتنىڭ بارلىق ئىشلىرى ياخشى بولۇشى كېرەك، دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىسلاھاتى ئۈممەتنىڭ بويىنىغا چۈشىدۇ. ھاكىم، ۋەزىرلەر، كېڭەش ئەزالىرى ۋە ئومۇمىي خەلق ئاممىسىنىڭ گەدىنىگە چۈشىدۇ، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش قائىدىسىگە ئاساسەن ئىسلاھات ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىشى پەرز.

ئەلۋەتتە ھاكىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشى سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاش، ئادالەت تىكلەش، كېڭەش بىلەن ئىش

ـ ھەرىكەت قىلىش ۋە ئەركىنلىكنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ھاكىملارغا مۇناسىۋەتلىك. ھاكىملار ساغلام ۋە ياخشى بولسا ئۈممەت تۈزۈلىدۇ، ئۇلار بۇزۇلسا ئۈممەت بۇزۇلىدۇ. ھاكىملار توغرا يولدا بولىدىكەن خەلقلەر توغرا يولدا بولىدۇ.

## 1. سىياسىي ئىسلاھاتتا ھاكىمنىڭ رولى

ئىسلام جەمئىيىتىدىكى ھاكىمنىڭ ئەقلىلىق، تەقۋا، ئىقتىدارلىق، ئىرادىلىك ۋە يارامىلىق مۇسۇلمان بولۇشى تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئىنتىزامغا سالىدۇ، قىيىنچىلىقلىرى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئالاقىلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، تەرەققىيات ۋە مۇداپىئە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، چۈنكى دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھاكىمنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تايىنىدۇ.

«خەلىپە» دېگەن ئۇقۇم بىرىنىڭ ئورنىدا ۋەكىل بولۇپ تۇرغان دېگەن مەنىدە بولۇپ، شەرئى ھۆكۈملەرنى يۈرگۈزۈشتە ۋە مۇسۇلمانلارغا رەئىسلىك قىلىشتا رەسۇلۇللاھنىڭ يولىنى تۇتقان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام تارىخىدا شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىنى يۈرگۈزۈپ، مۇسۇلمانلارنى يېتەكلەپ كەلگەن كىشى خەلىپە، ئەمىر مۆمىنىن، ئىمام ۋە سۇلتان دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ ئاتالغۇلار سىياسىي ئىجتىھاد مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ھاكىم ياكى ئىمام ياكى خەلىپە ياكى سۇلتاننىڭ مەنىسى بىر ـ بىرىگە يېقىن بولۇپ: «دىنىنى ھىمايە قىلىش ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ئادىل ئىدارە قىلىش» دېگەن ئۇقۇمدا خۇلاسىلىنىدۇ.

دېمەك، ئىسلام دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مەقسەت

دىننى تۇرغۇزۇش ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى تەدبىر قىلىشتۇر. دىننى تۇرغۇزۇش ۋە مەقسەتلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى، بارلىققا كېلىش ئالاھىدىلىكى ۋە باشقىلاردىن پەرقلىنىش سىرى. شۇڭا ئۆلىمالار ئىسلام ھۆكۈمىتىنى سۈپەتلەپ: «دىننى ھىمايە قىلىش ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا شەرىئەت ئىگىسىگە ئىزباسارلىق ۋاكالىتىك قىلىشتۇر» دەپ تونۇشتۇرغان. ھاكىملارنىڭ پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىمۇ دىننى تۇرغۇزۇش غايىسى بىلەن تەڭ ماڭىدۇ، ئەھمىيەت جەھەتتە تۆۋەن تۇرمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ شەرىئەتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى مەقسەت قىلغان.

شەرىئەتتە كەلگەن ئەھكام ۋە كۆرسەتمىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلەر ئىسلامدىكى پرىنسىپال مەقسەتلىرى: «دىن، جان، ئەقىل، ئىززەت ـ شەرەپ ۋە مال ـ دۇنيا، ئادالەت، ئەركىنلىك»نى ھىمايە قىلىشتا خۇلاسىلىنىدۇ. بۇ مەقسەتلەرنى ھىمايە قىلىش ۋە جەمئىيەت ھاياتىدا رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش شەرىئەتنىڭ مەقسىتىدۇر.

بىرەر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرالىشى ۋە ئويغىنىشى ئۈچۈن يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھاكىم ياكى خەلىپە ياكى سۇلتاننىڭ بولىشى لازىم. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىدىغان ھاكىمنىڭ بولىشى نەقلى، ئەقلى ۋە ئىجما (بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلە) جەھەتتىن ۋاجىپتۇر. قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىدىغان ۋە ئىسلاھات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلىپە ياكى سۇلتاننىڭ بولىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشارەت قىلغان:

«ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ھاكىملارغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار » (نىسا سۈرىسى 58 ـ 59 ـ ئايەتلەر).

رەسۇلۇللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىنتىزامغا سالىدىغان ھاكىمنىڭ بولۇشىنى تەكىتلەپ: «ئۈچ ئادەم بىر يەرگە سەپەرگە چىقساڭلار، ئاراڭلاردىن بىرسىنى مەسئۇل قىلىپ سايلاڭلار» دېگەن ئىدى (ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى).

سىياسىي ئىسلاھاتتا ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك ھاكىمنىڭ بۈيۈك رولى بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ھوقۇقى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، نوپۇزى كۈچلۈك بولىدۇ ۋە سۆزىگە ئىتائەت قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئەگەر سىلەرگە قاراتەنلىكتىن بىرى مەسئۇل بولۇپ سايلانسا، ئىتائەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار» دېگەن ئىدى (بۇخارى رىۋايىتى).

### خەلىپىلىك ئاتالغۇسى:

خەلىپىلىك ئاتالغۇسى ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەئىسىنى سايلاش، ئۇنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تەشكىللەش تۈزۈمىدىن ئىبارەت. خەلىپىلىك ئاتالغۇسى مۇسۇلمانلارغا ھاكىم بولىدىغان كىشىنى كېڭەش ئارقىلىق نامزات كۆرسىتىش ۋە بۇ نامزاتنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىشى يەنى«بەيئەت

قىلىشى» ئاساسىدا كۆچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىر كىشى مۇسۇلمانلارغا ھاكىم بولسا ياكى خەلىپە بولۇپ سايلانسا، سىياسەتلىرىدە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرىنى تۇتۇپ مېڭىشى ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئاساسىدا كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا تىرىشىشى لازىم.

دېمەك، خەلىپىلىك ئاتالغۇسى ئىسلام دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ رەئىسى ۋە يېتەكچىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر ئاتالغۇدىن ئىبارەت. خەلىپىلىك ئاتالغۇسى تەپسىلاتى ئېنىق مۇئەييەن سىياسىي تۈزۈمنى كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى قۇرئان ۋە سۈننەتتە تەپسىلاتلىرى بەلگىلەنگەن مۇئەييەن سىياسىي تۈزۈم شەكلى كەلمىگەن. شەرىئەت بۇ ساھەدە پەقەت ئومۇمىي پرىنسىپ ۋە ئاساسلىرىنى بەلگىلىگەن. شۇ سەۋەبتىن خەلىپىلىك ئۇقۇمى ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان تۈزۈم ئەمەس، ياكى بىر قانچە نامزاتنىڭ ئارىسىدا كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەن كىشىنى سايلايدىغان جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىمۇ ئەمەس ياكى دىنىي ئادەملەر دۆلەت رەئىسىنى تەيىن قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا مۇقەددەسلىك سۈپىتىنى بېرىپ، پۇقرالارنى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدىغان دىنىي تۈزۈممۇ ئەمەس. بەلكى ئۇ مۇسۇلمانلارغا ھاكىم بولىدىغان، شەرىئەت قانۇنىنى تەتبىقلاپ ماڭىدىغان ۋە دۆلەتنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ ماڭىدىغان كىشىنىڭ سىياسىي مەنسىپىدىن ئىبارەت. (د.سەلىم ئەۋۋا: ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى، 109 ـ بەت).

ئىسلام بىرگە قۇرئان ۋە سۈننەتتە سىياسەت ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشتا تەپسىلى بىر تۈزۈمنى بەلگىلەپ بەرمىگەن بىلەن مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەر بىر ھاكىم ياكى دۆلەت رەئىسى تۇتۇپ مېڭىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي پرىنسىپلار، بۇيۇك

مەقسەتلەر ۋە ئاساسلىق قائىدىلەرنى بېكىتىپ بەرگەن. ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمى مانا مۇشۇ ئومۇمىي پرىنسىپ ۋە ئۆزگەرمەس قائىدىلەرنىڭ كۆرسەتمىسى ئاساسىدا ئايلىنىدۇ ۋە تارماق قىسىملىرى ھەر زامان شارائىتقا قارىتا ئىجتىھادنى قوبۇل قىلىدۇ. ئىسلامدا سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئىسمى، شەكلى ۋە ئىدارە ھەيئىتىنىڭ تەپسىلاتى، ھاكىمنىڭ ھاكىملىق مۇددىتى ۋە ھاكىمنىڭ لەقىمى توغرىسىدا ئېنىق دەلىل كەلمىگەن. شۇڭلاقلا ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمنى خەلىپىلىك تۈزۈمى دەپ ئاتاش شەرت ئەمەس. ئۇ ئاتالغۇ تارىختا قوللىنىلغان ئىجتىھادى ۋە تارىخى ئاتالغۇدىن ئىبارەت. بۇ ئىشلار شەرىئەتنىڭ پرىنسىپال قائىدىلىرى ۋە شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى ئاساسىدا يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىدىغان ئىجتىھادىي مەسىلىلەردىن ئىبارەت. سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئارتۇقچىلىقى شەرىئەتنىڭ پرىنسىپ ۋە قائىدىلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ شەرىئەتنى تەتبىقلاشتا، شەرىئەتنىڭ مەقسەت ۋە مەنپەئەتلىرىنى رىئاللىققا ئاشۇرۇشتا، زىيان ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى يوقىتىشتا نامايان بولىدۇ. (د.ئەھمەد رەيسۇنى: ئىسلام پىكرى ۋە سىياسىي مەسىلىلەر، 16 ـ 18 ـ بەتلەر).

## 2. ھاكىم ۋە خەلقنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى

### 1) رەھبەر بولۇشقا ياراپدىغان ھاكىمنىڭ سۈپەت ۋە شەرتلىرى

ئادىل، بىلىم ـ مەرىپەتلىك، شەخسىيىتى كۈچلۈك، ئامانەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار(پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): « ئۇ قانداقمۇ بىزگە

پادىشاھ بولىدۇ. (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلاتلىرى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا> دېدى. پەيغەمبەر:<ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە ۋە بەدىنىنى كۈچلۈك قىلدى، ئاللاھ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ، ئاللاھ(نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ > دېدى » (بەقەر سۈرىسى 247 ـ ئايەت).

يەنە بىر ئايەتتە: «ئۇلارنىڭ بىرى ئېيتتى: «ئى ئاتا، ئۇنى سەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغىن، بۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر» دېيىلگەن (قەسەس سۈرىسى 26 ـ ئايەت). بۇ ئايەت مەسئۇلنىڭ ھەر قايسى جەھەتتىن كۈچلۈك، قابىلىيەتلىك ۋە ئىشەنچلىك بولىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلغان.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ ئىقتىساد ۋەزىرلىكىنى تەلەپ قىلغاندا ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى تونۇشتۇرۇپ: «مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى)بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئىشەنچلىك ئادەممەن» دېگەن (يۈسۈپ سۈرىسى 55 ـ ئايەت).

2) ھاكىمنىڭ مەسئۇلىيەتلىرى

شەرىئەتنى تەتبىقلاش، كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل بولۇش، كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىش، كىشىلەرنىڭ دەردىگە يېتىش، سىياسىي مۇستەبىتلىك قىلماسلىق، ھەر دائىم ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىشقا تەييار تۇرۇش، كېڭەش ئەزالىرى

بىلەن مەسلىھەتلىشىپ سىياسەت يۈرگۈزۈش، مەنسەپلەرگە يارامىلىق ۋە قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى قويۇش، تەجرىبە ئىگىلىرىدىن پايدىلىنىش، ۋالىي ۋە كادىرلاردىن دائىم ھېساب ئېلىپ تۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مەنپەئەتلىرىگە رېئايە قىلىش... تىن ئىبارەت.

ھاكىملار ھوقۇققا ئىگە بولۇش ئېتىبارى بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ چوڭ قىسمىغا ئىگە: «(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارغا يەر يۈزىدە ھاكىم بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرسەك، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر» (ھەج سۈرىسى 41 - ئايەت).

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇنداق ھالغا كېلىپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب يارامسىز، قابىلىيەتسىز ۋە ساغلام ئىسلام تەربىيىسى كۆرمىگەن، دىننى توغرا چۈشەنمىگەن ئادەملەرنىڭ ھوقۇق بېشىغا چىقىۋالغانلىقىدىن پەيدا بولغان. بۇلارنىڭ دىن، ئەخلاق ۋە قابىلىيەتتە ئۆرنەك بولغۇدەك سالاھىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلامنىڭ تەسىرى ئاجىزلىشىپ كەتكەن.

### 3) مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمغا قارىتا مەسئۇلىيەتلىرى

دۆلەتتە ھاكىم، يېتەكچى ۋە پۇقراغا ئالاقىدار تۈزۈم بولمىسا، دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، پۇقرالار ھاكىمغا بويسۇنمىسا ئىشلار ئىنتىزامغا سېلىنمايدۇ. قانۇنلۇق ھاكىمغا ئىتائەت قىلىش ھاكىم بىلەن پۇقرالار ئارىسىدىكى سىياسىي كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ. ھاكىم ئۈستىدىكى ئامانەتنى ئادا قىلىپ ۋە ئادىل

سىياسەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن پۇقرالارنىڭ ھاكىمغا ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. قۇرئان كەرىم ھاكىملارنى ئامانەتنى ئادا قىلىش ۋە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈشكە بۇيرۇغاندىن كېيىن، پۇقرالارنى قانۇنلۇق ھاكىمغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇغان: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان مەسئۇل ياكى ھاكىملارغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر» (نىسا سۈرىسى 59 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە ھاكىمغا ئىتائەت قىلىشنىڭ، ھاكىمنىڭ ئامانەتنى ئادا قىلىش ۋە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈشكە باغلانغانلىقى، خەلقنىڭ رازىلىقىسىز ھەربى كۈچكە تايىنىپ ھاكىم بولۇۋالغان ھاكىمغا ئىتائەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ ھاكىمنىڭ پۇقرالار بىلەن سىياسىي كېلىشىمنى بۇزغانلىقىنى ۋە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇپەسسىر زەمەخشەرى، خەلقنىڭ رازىلىقىسىز ھاكىم بولۇۋالغان زالىم ھاكىملارنىڭ قانۇنلۇق ھاكىم ئەمەسلىكىنى ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ۋاجىپ بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى«ھاكىمىيەت ئوغرىلىرى» دەپ سۈپەتلىگەن (كەششاف تەپسىرى، 1 ـ توم، 524 ـ بەت).

رەسۇلۇللاھ قانۇنلۇق ھاكىمغا ئىتائەت قىلىش مەسىلىسىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ: «كىم مېنىڭ ئەمرلىرىمگە ئىتائەت قىلسا ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، كىم مېنىڭ ئەمرلىرىمگە بويسۇنمىسا ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

ئىسلام كۆرسەتمىسىدە سىياسىي ئىتائەت قانۇنلۇق

ھاكىمىيەتنىڭ شەرىئەتنى تەتبىقلىشىغا باغلىق بولىدۇ، مەجبۇرى ھاكىم بولۇۋالغان ھاكىمغا ئىتائەت قىلىنمايدۇ، شۇنداقلا شەرىئەتكە خىلاپ يول تۇتقان ھاكىملارغىمۇ ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ سىياسىي ئىتائەتنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى بايان قىلىپ، توغرا ئىش بولسا ئىتائەت قىلىنىدۇ، خاتا ئىش بولسا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ: «مۇسۇلمان گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇلمىغانلا بولسا، ياخشى كۆرسۇن ياكى ياخشى كۆرمىسۇن، مەسئۇلغا ئىتائەت قىلىشى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى كېرەك. ئەگەر گۇناھ ئىشلارغا بۇيرۇلۇپ قالسا، ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ»دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىمغا قارىتا مەجبۇرىيىتى ياخشى ئىشلاردا ئىتائەت قىلىش، دىنىنى تەتبىقلاش ۋە دۆلەتنى كۈچلەندۈرۈشكە ياردەم بېرىش، كېڭەش ئەزالىرى ئارقىلىق نەسىھەت قىلىپ تۇرۇش، بىرلىكنى قوغداش...تىن ئىبارەت. شۇنداقلا ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەش، يامان ئىشلارغا چەكلىمە قويۇش ۋە ياخشى ئىشلاردا ياردەملىشىش لازىم: «ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى)دىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق» (مائىدە سۈرىسى 2 ـ ئايەت).

دۆلەت، خەلق ۋە ئۈممەت ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، خەلق دۆلەتنىڭ ئاساسىي ۋە كۈچى، شۇڭا ئىسلاھاتنى قانات يايدۇرۇش بارلىق پۇقرالارنىڭ گەدىنىگە چۈشىدۇ. ناۋادا ھاكىم مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىسا، خەلق بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى لازىم، چۈنكى قۇرئان كەرىم ياخشى ئىشلارغا يېتەكلەش، يامان ئىشلارغا يول قويماسلىق، نەسىھەت

قىلىش، ياخشى ۋە تەقۋا ئىشلارغا ياردەمدە بولۇش ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ كۆرسەتكەن.

ئىسلاھات ئۈچۈن ھاكىملار، ئالىملار، بايلار، بىلىم - ئادەملىرى، باتۇرلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە تۈرلۈك تەجرىبىسى بار ئادەملەرنىڭ ھەمكارلىشىشى لازىم. ھەر بىر ئادەم كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىش - ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇلغان: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر. روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ » (ئال ئىمران سۈرىسى 103 - 105 - ئايەتلەر).

مۇسۇلمانلارنىڭ يۇقىرىقى مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراش ۋە تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىققا دۈچ كېلىشتىن ساقلايدۇ. ئۇ ئىشلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى ۋە ياخشىلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى ئاساسلىق ئامىلدۇر. مۇسۇلمانلاردىكى ياخشىلىق سۈپىتى ۋە ياخشى نەتىجە قازىنىش ئاللاھىدىلىكى ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا باغلىقتۇر. ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلمىغان مۇسۇلمانلار مۇشۇ دۇنيادىلا ئاللاھنىڭ تۈرلۈك جازاسىغا ئۇچرايدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇپ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋەزىپەڭلارنى ئادا قىلىڭلار، ئۇنداق قىلمىساڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە جازا ئەۋەتىشى يېقىندۇر،

جازا كەلگەن چاغدا دۇئا قىلساڭلارمۇ دۇئايىڭلار قوبۇل قىلىنىشقا ئېرىشەلمەيدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان (تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى).

دېمەك، خەلقنىڭ ھاكىمغا نەسىھەت قىلىش ۋە ھاكىمنىڭ خەلققە نەسىھەت قىلىش پىرىنسىپى ھاكىم بىلەن پۇقرا ئارىسىدىكى ئورتاق پىرىنسىپ بولۇپ، ئىسلامنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدىكى بۈيۈك قىممەت قاراشتىن ئىبارەت.

### 4) ئۈممەتنىڭ ھاكىمدىن ھېساب ئېلىش ھوقۇقى

ھاكىم ئۈممەتنىڭ ۋەكىلى ۋە خىزمەتچىسى، چۈنكى ھاكىم سىياسىي ھوقۇقىنى ئۈممەتتىن ئالىدۇ، ئۇنداق بولغان ئىكەن ئۈممەتنىڭ ھاكىمدىن ھېساب ئېلىش، تەنقىد قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

دىنىمىزدا ھەر بىر مۇسۇلمان ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ۋە يامان ئىشلاردىن توسىدىغان مەجبۇرىيەتكە ئىگە بولۇپ، سىياسىي بىر ئىنسانغا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ رەئىسىدىن ھېساب ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە: «كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنىنى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» (ساد سۈرىسى 26 ـ ئايەت). ئەگەر ھاكىم توغرا يولدىن چەتنىسە ياكى شەرىئەتكە زىت بىر ئىشنى يولغا قويغان بولسا، ئۈممەتنىڭ ئۇ ئىشنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن توسۇش ئارقىلىق تۈزىتىشى ۋاجىپتۇر، ئۇنداق قىلمىسا ئۈممەت مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىغان بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ: «ھەر بىرىڭلار مەسئۇل، ھەر بىرىڭلارنىڭ سوراققا تارتىلىدىغان

مەسئۇلىيىتى بار» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ ھاكىملارغا ئىتائەت قىلىش چېگرىسىنى بەلگىلەپ : «ئىتائەت ياكى بويسۇنۇش ياخشى ئىشلاردا بولىدۇ، يامان ۋە چەكلەنگەن ئىشلاردا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ»دېگەن (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى). مانا بۇ ھەدىسمۇ ھاكىملارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە سوراققا تارتىشنىڭ توغرىلىق پرىنسىپىنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكتە.

## بەشىنچى بۆلۈم

# تاشقى سىياسەتتىكى ئىسلاھات

### تىنچ ھالەتتىكى تاشقى سىياسىي ئىسلاھات

ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى ئىسلام دەۋىتىنى تارقىتىش، ياخشىلىقنى قانات يايدۇرۇش، ئۆرنەك بولۇش، ھەقىقەت ۋە ئادالەت قىممەت قاراشلىرىنى تارقىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتىدە بۇزغۇنچىلىق بولسا تاشقى سىياسىتىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ چاغدا تاشقى سىياسەت بۇ دۆلەتنى كونترول قىلىۋالغانلارنىڭ خاھىشى ئۈچۈن گۆرۈگە ئايلىنىپ قالىدۇ، دۈشمەنلەرنىڭ بېسىمى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىشىغا يول ھازىرلاپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى ئىسلاھ قىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، تىنچلىق ۋە ئۇرۇش ھالىتىدە ئېنىق پىلان ۋە يول سىزىپ بەرگەن، مۇسۇلمانلار بىلەن باشقىلار ئارىسىدا ئالاقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن. مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلمايدىغان ۋە تىنچ ياشاشنى ئىلان قىلغان كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرغان، شۇنداقلا كېلىشىم ۋە توختاملارغا ۋاپا قىلىشتا ئالاھىدە خەلقئارا قانۇننى بېكىتىپ، كېلىشىمنى بۇزۇشنى ھارام قىلغان.

ئۇرۇش ھالىتىدە ھەيۋىتىنى ساقلاش، دۈشمەنلەرگە قورقۇنچ سېلىش، خەلقنى ھىمايە قىلىش، دۈشمەنلەرگە رەددىيە بېرىش ۋە ئىسلام دەۋىتىنىڭ تارقىلىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئامىللارنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق قىلىشقا بۇيرۇغان.

مەن بۇ يەردە قۇرئاندا كەلگەن «جىھاد» ۋە «قىتال» سۆزىنى ئۆز مەنىسىدە ئالدىم، چۈنكى «جىھاد» سۆزى ئومۇمىي ئاتالغۇ بولۇپ، كەڭ ئۇقۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق «قىتال» سۆزى قوراللىق جەڭ قىلىش ياكى ئۇرۇش قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. قىتال جىھادنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## 1. مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلار

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلار بىلەن باشقا مىللەتلەر ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئارىسىدا چىقىشىپ ياشاشنىڭ پىكرى ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. باشقىلار قايسى دىندا بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئىنسانىنىڭ ھۆرمىتىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈپ ئىنسانپەرۋەرلىككە تەشەببۇس قىلغان: «بىز ئىنسان بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق»(ئىسرا سۈرىسى 80 ـ ئايەت)، مىللەت دائىرىسىنى ئېتىراپ قىلغان: «ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا قىبلىنىدىشى سالىھ ئېيتتى: «(ئاللاھدىن) قورقماسىلەر؟» (شۇئەرا سۈرىسى 142 ـ ئايەت). دىن دائىرىسىنى ئېتىراپ قىلغان: «دىنغا كىرىشكە زورلاشقا بولمايدۇ» (بەقەر سۈرىسى 256 ـ ئايەت)، ۋە ھەقىقەت توغرىسىدا ئىزدەنگۈچىلەر دائىرىسىنى ئېتىراپ قىلغان: «ئېيتقىنكى، «سىلەرگە ئاسمانلاردىن ۋە زېمىندىن كىم رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ (رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ)،

شۇبھىسىزكى، بىز ياكى سىلەر چوقۇم ھىدايەتتىدۇرمىز، يا روشەن گۇمراھلىقتىدۇرمىز» (سەبە سۈرىسى 24 ـ ئايەت).

تىنچلىق ۋە جەڭ ھالىتىدىكى خەلقئارا ئالاقىنى تەۋبە سۈرىسىدىن كېيىن نازىل بولغان مۇمتەھىنە سۈرىسىدىكى تۆۋەندىكى ئۈچ ئايەتتە خۇلاسىلاش مۇمكىن: «بەلكىم ئاللاھ سىلەر بىلەن سىلەر ئۆچ كۆرىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا دوستلۇق پەيدا قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر(6). (كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۇبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ(7). ئاللاھ دىن ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتىشىڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر» (مۇمتەھىنە سۈرىسى 6 ـ 9 ـ ئايەتلەر).

بىرىنچى ئايەت ئىسلامنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى تۈگىتىپ، تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئادىل تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئىككىنچى ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان تىنچلىق ھالىتىدىكى ئالاقىسىنىڭ ئۆز ـ ئارا ياخشىلىق قىلىش ۋە ھەر قانداق ئىشلاردا ئادىل بولۇش ئاساسىدا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۈچىنچى ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان جەڭ ھالىتىدىكى ئالاقىسىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ زالىم كاپىرلارغا قارشى ئۆز ـ ئارا بىرلىشىش، دوستلۇقنى ئاللاھ ۋە مۆمىنلەرگە بېغىشلاش ۋە

زالىم كاپىرلارغا يان باساسلىق ياكى ئۇلارغا ياردەم بەرمەسلىك كېرەكلىكىنى بايان قىلغان. چەك ھالىتىدىكى زالىم كاپىرلار بىلەن بولغان ئالاقىمۇ يەنىلا ئادالەت ۋە ئىنساپ ئۈستىدە داۋام قىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

بۇ سۈرە كاپىرلارنىڭ ئەھدىنامىلەرگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان تۇرۇقلۇق، يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ھەر قانداق بىر ھالەتتە ئادالەت ئۈستىدە شەكىللىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن. باشقىلار مۇسۇلمانلارغا قارشى زۇلۇم قىلىش، سۈرگۈن قىلىش، بوزەك قىلىش، سىقىش ۋە تۈرلۈك قورقۇتۇش ھالەتلىرىنى يۈرگۈزمىسە ئالاقىنىڭ ئۆز - ئارا ياخشىلىق قىلىش ئاساسىدا بولىدىغانلىقىنى بېكىتكەن. ئەگەر زالىم كاپىرلار يۇقىرىقى جىنايەتلەردىن بىرىنى سادىر قىلىپ قالسا، ئادالەت ئورنىغا كېلىپ، زۇلۇم يوقۇلغانغا قەدەر ئەركەكتەك كەسكىن تاقابىل تۇرۇپ چەك قىلىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش كېرەكلىكىنى تەكرار بايان قىلغان. دېمەك، ئالاقىنى ئۈزۈش ۋە ھەر دائىم چەك ھالىتىدە تۇرۇشتىن ئىبارەت خەلقئارا ئالاقىدىكى ئىسلامنىڭ بۈيۈك قائىدىسى دۈشمەنلىك قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىش ۋە خائىنلىق قىلىش ھالىتىگە قارىتىلغان. دېمەك، ئىسلامدىكى چەك مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىش، دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىش ياكى دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتەك باشقا يول تېپىلمىغان چاغدا قوللىنىدىغان زۆرۈرىيەت ھالىتىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋاللاردىكى ئالاقە خوشنا ئەل سۈپىتىدە ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشى چىقىشىپ ياشاش ئالاقىسىدۇر، چۈنكى دۈشمەنلىشىپ تۇرۇپ باشقىلارغا ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنى يەتكۈزگىلى بولمايدۇ، شۇڭا ئىسلام باشقىلار بىلەن دۈشمەنلىشىشنى

ۋە ئالاقىنى ئۈزۈشنى خالىمايدۇ. كىم مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلسا، مۇسۇلمانلارنى بوزەك قىلسا، ئىسلام دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنىدۇر. كىم مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچ ياشىسا، دىنىغا چېقىلمىسا، دەۋەت ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلمىسا ياكى چېقىلمىسا ۋە مۇسۇلمانلارنى بوزەك قىلمىسا، ئۇلار تىنچلىقنى تاللىغۇچىلاردۇر، بۇ تۈردىكى كاپىرلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش دىنىمىزدا چەكلەنمەيدۇ.

## 2. تىنچ ھالەتتىكى تاشقى سىياسىي ئىسلاھات

ئىسلامنىڭ دۇنياغا تارقىلىشىنىڭ ۋە خەلقلەر تەرىپىدىن ئىختىيارى ھالدا قوبۇل قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى قىلىچ ئەمەس ئىدى، بەلكى چىرايلىق ئۇسۇلدا ۋە ھېكمەت بىلەن قىلىنغان دەۋەت ئىدى: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز - نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ» (نەھل سۈرىسى 125 - ئايەت). قىلىچ بولسا بۇ دەۋەتنى ھىمايە قىلغۇچى ۋە بارلىق كىشىلەرگە يېتىشىگە كېپىللىك قىلغۇچى ئامىل ئىدى.

ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى تېڭىش ئۈچۈن ھېچبىر زامان قورال كۆتۈرگەن ئەمەس، چۈنكى ئىسلام مەجبۇرلاش ئاساسىدا دىن تارقىتىشنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىشنىمۇ رەت قىلىدۇ، دەۋەت قىلىشتا ئىلمىي سۆھبەت ۋە ئەقىل كۈچىنى ئىستىمال قىلىشقا چاقىرىدۇ.

ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە شەكىللىرى تۈرلۈك بولىدۇ، دەۋەتنى مۇناسىپ ئىلمىي ئۇسۇلدا يەتكۈزۈش ئىسلام دۆلىتىنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ئىسلام بۇ دىنىنىڭ خاراكتېرى ۋە ماھىيىتىنى بىلىپ باققۇسى كەلگەن باشقا دىندىكىلەرگە ئامانلىق بېرىشكە ۋە دۆلەت چېگرىسىنىڭ سىرتىغا قەدەر خاتىرجەم يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرۇغان.

ئۇرۇش قىلىش، قان تۆكۈش، ۋەيران قىلىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىسلام دۆلىتىنىڭ نىشانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلمىغان، تاجاۋۇز قىلمىغان ۋە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ياردەم بەرمىگەن كاپىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا يۈزلەندۈرمەكتە. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى باشقىلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىشقا قىزىقتۇرماقتا ۋە كېلىشىمنى ئورۇنسىز بۇزۇشتىن ئاگاھلاندۇرماقتا. دېمەك، قۇرئان كەرىمنىڭ تاشقى سىياسىي ئىسلاھاتى ئىسلام ئەللىرى بىلەن دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولمىغان دۆلەتلەر بىلەن ياخشى ۋە ئادىل ئالاقە ئورنىتىشقا تەشەببۇس قىلغان.

## 3. مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن ئەسلى ئالاقىسى دەۋەت ۋە تىنچلىق

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى تىنچ مۇھىت يارىتىپ ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئالاقىسىدۇر: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، <ئى ئىنسانلار مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن» (ئەئراف سۈرىسى 158 ـ ئايەت). بۇ ئايەت ئالەمشۇمۇل بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلماقتا.

قۇرئان كەرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن دۇنياغا

ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپ مۇنداق دېدى: «سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ »(سەبە سۈرىسى 28 ـ ئايەت). بۇ ئايەت ئىسلامنىڭ دۇنياۋى بىر دىن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى بارلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشنىڭ ۋاجىپلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ھىمايە قىلىدىغان ۋە يۆلەيدىغان دۆلەتكە مۇھتاج.

قۇرئان كەرىم ئىسلامنىڭ مەرھەمەت، كۆيۈنۈش ۋە مېھرىبانلىق دىنى ئىكەنلىكىنى جاكارلىماقتا: «بىز سېنى پۈتۈن جاھان ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق» (ئەنبىيا سۈرىسى 107 ـ ئايەت). بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ مەرھەمەتلىك بىر تۈزۈم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا باشقىلارنى ئۆز دىنىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇرلىمايدىغانلىقىنى ۋە ئادىل ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى بايان قىلماقتا.

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقىسىنىڭ دەۋەت ئالاقىسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە ) ئەمەل قىلايلى» دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): «(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار» (ئال ئىمران سۈرىسى 64 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئەھلى كىتابلارنى ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىش، شېرىك كەلتۈرمەسلىك، گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردا ھېچكىمگە ئىتائەت قىلماسلىقتەك مۇسۇلمانلار بىلەن ئورتاق نۇقتىغا كېلىشكە چاقىرماقتا. ئەگەر ئۇلار بۇ نۇقتىغا كەلمىسە، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقەتكە بويسۇنغانلىقىنى ئېلان قىلىپ قويىسۇن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمىسۇن، چۈنكى مۇسۇلمانلار ھەقىقەتكە ۋە ئىنساپلىق بولۇشقا چاقىرغان. يەنى سىلەر بۇنىڭغا قوشۇلمىساڭلار، بىزنىڭ دىنىمىز ئۆزىمىزگە ھېساب، سىلەرنىڭ دىنىڭلارمۇ ئۆزۈڭلارغا ھېساب، قىيامەت كۈنى ئاللاھ كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىنى ئايرىپ قويىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ئىسلام دەۋىتىنى دۇنياغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن شۇ زاماندىكى رىم، كىسرا...دىن ئىبارەت چوڭ دۆلەتلەرگە مەكتۇپ يازغان. رەسۇلۇللاھنىڭ يازغان خەتلىرى ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت ئىبادەت قىلىشقا ۋە شېرىك كەلتۈرمەسلىككە قارىتىلغان بولۇپ، مەجبۇرلاش ۋە ياكى قورقۇتۇشتىن خالىي ئىدى.

ئىسلام دەۋىتى ھۆججەت، پاكىت، ئەقىل، قانائەت، مەدەنىيەت، ياخشىلىق، گۈزەل ئەخلاق ۋە يۈكسەك قىممەت قاراشلىرى ئارقىلىق باشقا دىنلاردىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن ئىدى: «ئاللاھ ھەق دىن (ئىسلام)نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى)يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ» (تەۋبە سۈرىسى 33 ـ ئايەت). بۇ ئايەت مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە ئارتىلغان مەسئۇلىيەتنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە بۇ مەسىلە دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىي ئىسلاھاتىغا باغلىقتۇر.

مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ بىر پۈتۈن كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلغاندا بۇ ئايەتنىڭ تەقەززاسىنى ئىشقا ئاشۇرغان ئىدى. دىندا سۇسلۇق قىلىپ، توغرا چۈشەنچىدىن چەتنىگەندە ئۈستۈنلۈك باشقىلارغا كېتىپ قالدى.

مەزكۇر ئايەت دۇنيانىڭ تەرەپلىرىگە ياخشىلىق، رەھمەت، كۆيۈنۈش، ھەقىقەت، ئادالەت، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكتىن ئىبارەت قىممەت قاراشلارنى تارقىتىش ئارقىلىق دۇنيانى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تاشقى سىياسەت خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىسلامنى بىلىپ باقماقچى بولغانلارنىڭ قانائەت تېپىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەلبىنى قانداق ئېچىش توغرىسىدا دەرس بەرمەكتە: «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى(جېنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار(ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر» (تەۋبە سۈرىسى 6 ـ ئايەت). بۇ تۈردىكى ئىنسانلار ياكى مىللەتلەر ياكى دۆلەتلەرنى خاتىرجەم قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىدۇر. دېمەك، ئىسلام دەۋىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش، قانائەتلەندۈرۈش ۋە ئاڭلىتىشتا ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئېغىر مەسئۇلىيىتى بار. ئۇنداقتا دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتى قانائەتلەندۈرۈش ۋە سۆھبەت قىلىش يولىنى تۇتۇپ: «باشقىلارنى دىنغا كىرىشكە زورلاشقا بولمايدۇ» دېگەن شوئار ئارقىلىق بۇ نۇقتىغا مەركەزلىششى لازىم. بۇ نۇقتىنى مەركەز قىلمىغان قايسى

بىر ئالاقە مۇسۇلمانلارغا پايدا كەلتۈرمەيدۇ، بەلكى زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

تىنچلىق باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەسلى قائىدە، ئۇرۇش قىلىش زۇلۇم ۋە توسقۇنلۇققا ئوخشاش زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن بولىدىغان ئايرىم ھالەت، چۈنكى تىنچلىق ئىنسانىنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى. تىنچلىق دەۋەتنىڭ راۋاجلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئۇرۇش قىلىش دەۋەتنى تارقىتالمايدۇ، باشقىلارنىڭ قەلبىنى ئاچالمايدۇ ۋە قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. تىنچلىق ۋە ئەركىنلىك دەۋەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مۇھىت ھېسابلىنىدۇ.

ئۇرۇش قىلىش ئادەم ئۆلتۈرۈش، خاراب قىلىش ۋە ۋەيران قىلىش ھالەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقتىن نورمالدا كۆڭۈلگە يېقىملىق بىر نەرسە ئەمەس. جەڭ قىلىش ئادەم خاراكتېرىدىكى تەبىئىي نەرسە ئەمەس: «سىلەرگە قورال‌لىق جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار» (بەقەرە سۈرىسى 216 ـ ئايەت). رەسۇلۇللاھمۇ مۇشرىكلارنىڭ بىر تەرەپلىمە تۇرۇش ياكى كېلىشىمگە ئەمەل قىلىش ياكى تاجاۋۇز قىلماسلىق ياكى دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلماسلىقتەك شارائىتنى تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن مەجبۇر بولۇپ جەڭگە كىرگەن ئىدى.

ئىسلامدىكى جەڭ شارائىت سەۋەبىدىن مەجبۇرلىنىدىغان

ئايرىم بىر ھالەتتۇر، چۈنكى ئىسلام تىنچلىققا چاقىرىدۇ، تىنچلىق ئەسلى ھالەتتۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىسلام جەڭ قىلىشقا بىر بۆلەك شەرت ۋە ئۆلچەملەرنى يولغا قويغان.

ئىسلامنىڭ شوئارى تىنچلىق، جەڭ قىلىش مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋاقىتتىدۇر. شۇڭا ئۇرۇش مىقدارىغا قارىتا ئۆلچىنىدۇ: «بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر» (بەقەر سۈرىسى 194 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). شەرتكە ئۇيغۇن تىنچلىق ئىسلامنىڭ مەقسەتلىرىگە تېز يەتكۈزىدۇ، ئىسلام دەۋىتى تىنچ داۋاملىشىۋاتقان بولسا، جەڭ قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىل مەۋجۇت ئەمەس. قان، بېسىم قىلىش ۋە زورلاش بىلەن ئىسلام دەۋىتىنى تارقاتقىلى بولمايدۇ.

ئىسلامنىڭ دۇنياۋىلىقى دائىم ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى تەقەززا قىلمايدۇ، دۇنياۋىلىق دېمەك باشقىلارغا ئېچىلىش، ھەر تەرەپتىن ئالاقە دائىرىسىنى كېڭەيتىش، دەۋەتنى تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ئاڭلىتىش دېگەن بولىدۇ. تىنچلىق ۋە باشقىلار بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلماي تۇرۇپ دەۋەتنى يەتكۈزۈش ئىشلىرىدا نەتىجە ياراتقىلى بولمايدۇ. دېمەك، تىنچلىق ئىسلامنىڭ شوئارى بولۇپ، دەۋەتنى دۇنياغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت نىشانغا يېتىشنىڭ ئەڭ قىسقا يولىدۇر. جەڭ قىلىش مەجبۇر بولۇش سەۋەبىدىن يۈز بېرىدىغان ئايرىم ھالەتتۇر.

بۇ يەردە دوكتۇر ۋەھبە زۇھەيلىنىڭ بىر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرسەك ئارتۇقچە بولماس، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھىجرىيە ئىككىنچى ئەسىردىكى فۇقاھالار ئايەتلەرنىڭ مۇتلەق ھالىتى

ۋە زاھىرىگــە قــاراپ، ئايەتلەرنــى بىرلەشــتۈرۈپ ۋە بىــر ـ بىرىگــە ئۇيغۇنلاشتۇرماســتىن مۇســۇلمانلارنىڭ باشــقىلار بىلــەن بولغــان ئالاقىسىنى ئــۈزۈش قىلىــش ئالاقىسى قىلىــپ بەلگىلىگــەن. بەلكىم ئۇلار شۇ زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈزۈش ھالىتىدىن تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك، چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىيىتى ئــۈزۈش ھالىتىدە دېسە، بوشىشىپ قالماي دائىم تەييار تۇرىدىغان ئىدى. ھالبۇكى قۇرئــان كەرىــم : «مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغــا قارشى بىرلىكتــە ئــۈزۈش قىلىڭلار»دەيــدۇ (تەۋبە سۈرىسى 36 ـ ئايــەت) بــۇ ئايەتنىــڭ تەقەززاسى بويىچە كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا قارشــى ئــۈزۈش باشلىمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشــتا ئــۈزۈش باشلاشىنىڭ سەۋەبى يوق. يەنــە : «ئەگــەر ئۇلار سىلەردىن يىراق تۇرسا (يەنى سىلەرگە چېقىلمىسا)، سىلەر بىلەن ئۇرۇشمىسا ۋە تىنىــچ ياشاشــنى تاللىســا، ئاللاھ ســىلەرنىڭ ئۇلارغــا ھۇجــۇم قىلىشــىڭلارغا ھەرگىــز رۇخسەت قىلمايدۇ » (نىسا سۈرىسى 90 ـ ئايــەت). بــۇ ئايــەت مۇســۇلمانلارغا قارشــى ئــۈزۈش قىلماسلىقنى ۋە تىنىچ ياشاش يولىنى تاللىغان كاپىرلارغا قارشى ئــۈزۈش قىلىشتىن توســاقتا. دېمــەك، مۇســۇلمانلارنىڭ باشــقىلار بىلــەن بولغــان مۇناسىۋىتى ئەسلىدە تىنچلىق ئالاقىسىدۇر، جەڭ قىلىش زىيانىنى يوقىتىش ۋە دەۋەت يولىنى ئېچىش ئۈچۈن يۈز بېرىدىغان ئايرىم ھالەتتىن ئىبارەت». (ئــۈزۈش تەسىرى ـ ۋەھبە زۇھەيلى، 113 ـ 120 بەتلــەر).

## 4. باشقىلار بىلەن چىرايلىق ئۆتۈش ئالاقىسى

يۇقىرىــدا ئىســلام دۆلىتىنىــڭ نىشــانى ئــۈزۈش ئېچىــش ۋە ۋەيران قىلىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئادالىتىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق. ئىسلامنىڭ

بۇ نىشانىغا قارىتا دۆلەتلەرنىڭ پوزىتسىيىسى بىردەك بولمىغان، بەزى دۆلەتلەر تىنىچ ياشاش ۋە مۇسۇلمانلارغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم بەرمەسلىك سىياسىتىنى قوللانغان. بۇ تۈردىكى دۆلەتلەر بىلەن ياخشى ئۆتۈش ۋە ئورتاق نۇقتىلاردا ھەمكارلىشىش شەرىئەتنىڭ تەشەببۇسىدۇر، بەلكىم بۇ تۈردىكى ئالاقىلەر باشقىلارنىڭ ئىسلام بىلەن تونۇشۇپ چىقىش پۇرسىتىگە يول ئېچىپ بېرىشى مۇمكىن. دىنىمىزدا تاجاۋۇز قىلىۋاتقان دۆلەت بىلەنمۇ ئادىل مۇئامىلە قىلىش ۋە رەددىيە بېرىشتە ئاشۇرۇۋەتمەسلىك تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان يەردە تىنچلىق يولىنى تاللىغان دۆلەت بىلەن تىنىچ ئۆتۈش ئەلۋەتتە لايىقتۇر: «(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ » (مۇمتەھىنە سۈرىسى 8 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت مۇتلەق كەلگەن بولۇپ تىلى ياكى قولى ياكى ئىش ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق بىۋاستە ياكى ۋاستىسىز ھالدا زىيان يەتكۈزمىگەن ھەر قانداق بىر ئىنسانغا ياخشىلىق قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق ئۆتۈشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. تاجاۋۇز قىلمىغان، زىيان يەتكۈزمىگەن ياكى كېلىشىمنى بۇزمىغان ھەر قانداق ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان ئادەمنىڭ خىسلىتىدۇر ۋە شەرىئەتنىڭ خەلقئارالىق ئالاقىسىنىڭ ئاساسىدۇر. تىنچلىق ھالىتى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ مۇقىم ھالىتىدۇر. تاجاۋۇزچىلىق ياكى زۇلۇم ياكى دۈشمەنگە ياردەم بېرىش ياكى كېلىشىمنى بۇزۇپ

خىيانەت قىلىش ياكى دەۋەت ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە قارشى تۇرۇشقا ئوخشاش ئەھۋال كۆرۈلمىسە، بارلىق ئىنسانلارغا قارىتا تىنچلىق، ياخشى ئۆتۈش ۋە ئادىل بولۇش ھالىتى مۇقىم داۋاملىشىدۇ.

ھەزرىتى ئەسمادىن مۇنداق بىر رىۋايەت كەلگەن: «ئۇنىڭ ئانىسى رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا قىزى ئەسمانى يوقلاپ كەپتۇ، ئانىسى تېخى مۇسۇلمان بولمىغان مۇشرىك ئايال ئىكەن. ھەزرىتى ئەسما رەسۇلۇللاھدىن: ئانام مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، ئانامغا ياخشىلىق قىلسام بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ:ياخشىلىق قىلساڭ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن (بۇخارى رىۋايىتى). مانا بۇ ھەدىسمۇ كېلىشىم بۇزۇلمىسا تىنچلىق ھالىتىنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا ئالاقە قۇرۇش ۋە مەنپەئەت ئالماشتۇرۇشنىڭ دۇرۇسلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن تاشقى سىياسەتنىڭ ياخشىلىق قىلىش ۋە ئادىل بولۇش ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقى پەقەتلا مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلماستىن تىنچ ياشايدىغان كاپىرلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى مۇسۇلمانلار بىلەن جەڭ قىلىپ ھېرىپ قالغانلىقتىن ياكى جەڭدىن زېرىككەنلىكتىن تىنچ ۋە سۈلھى ئىچىدە ياشاش يولىنى تەلەپ قىلغان كاپىرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى)بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (ئەنفال سۈرىسى 61 ـ ئايەت). يەنى ئۇلار ئىسلامغا كىرىش ياكى سۈلھىلىشىش ياكى بەدەل تۆلەش... ئارقىلىق جەڭنى تاشلاپ، تىنچلىققا مايىل بولسا، سەن ئۇنى قوبۇل قىلغىن ۋە مۇۋاپىق كەلگىن. بۇ يەردىكى مەسىلە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ

مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇناسىپ قارار ئېلىش ھاكىملارغا تاپشۇرۇلغان.

ئىسلام دۆلىتى ئاجىز ۋاقىتىدا بارلىق سىياسەتلىرىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ چىقىشى ۋە ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، خورلۇققا سەۋەب بولىدىغان تىنچلىققا ئالدىرىماسلىقى كېرەك. ئىسلامنىڭ تەلەپ قىلغان تىنچلىقى خورلۇق ۋە ئاجىزلىققا يول ئېچىپ بەرمەيدىغان تىنچلىق بولۇشى لازىم: «(كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلغان چېغىڭلاردا) بوشاپ قالماڭلار، (كاپىرلارنى) سۈلھىگە چاقىرماڭلار. ھالبۇكى، سىلەر غالىپتۇرسىلەر، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىرگىدۇر، ئاللاھ ھەرگىز ئەمەلىڭلارنىڭ (ساۋابىنى) كېمەيتىۋەتمەيدۇ» (مۇھەممەد سۈرىسى 35 ـ ئايەت). ئاجىز شارائىتتا سۈلھى تەلەپ قىلىش خورلۇققا سەۋەب بولىدۇ ۋە دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، تىنچلىق قارارى مىللەت ياكى ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشى، بۇ قارارنى جەمئىيەتنىڭ ئالىملىرى ۋە كېڭەش ئەزالىرىنىڭ قارار قىلىشى كېرەك. تىنچلىق قارارى ئېھتىياج تۇغۇلغان كەلگۈسىدە قوراللىق جىھاد قىلىش قارارىنى بىكار قىلماسلىق كېرەك.

دېمەك، ئىسلام مۇكەممەل ئىجتىمائىي ئىسلاھات دىنىدۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا رەھمەت ۋە مېھرىبانلىقنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن پەيغەمبەردۇر. ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى ئالاقىلىرىنىڭ ئاساسىي مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشتۇر. باشقىلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلىنى تاللاش ئېتىبارغا ئىگە. ئىسلام دۆلىتى زۇلۇمنى يوقىتىش ئۈچۈن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يېڭى ۋاستىلەردىن ئەلۋەتتە پايدىلانسا بولىدۇ.

## 5. كېلىشىم ۋە شەرتنامىلەرگە رىئايە قىلىش

ۋەدە ۋە كېلىشىمگە رىئايە قىلىش خەلقئارا تىنچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ مۇقىملىشىشىغا ھەسسە قوشىدۇ، ۋاپا قىلىنمىغاندا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىلەر بۇزۇلىدۇ ۋە ئۇرۇش ئوتلىرى پارتلاشقا باشلايدۇ. ۋەدە ۋە كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىش ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى سانىلىدۇ. چۈنكى قۇرئان كەرىم ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى ۋاجىپ قىلغان: «(ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەھدىگە (يەنى ئاللاھ تاپشۇرغان ئىشلارغا) ۋاپا قىلىدۇ، بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزمايدۇ » (رەئد سۈرىسى 20 ـ ئايەت).

ئەگەر ئىسلام دۆلىتى بىرەر دۆلەت بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولسا بۇ كېلىشىمگە ۋاپا قىلىش لازىم، كېلىشىمنىڭ مۇددىتى توشقانغا قەدەر ۋاپا قىلىش پەرز ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سۈپىتىدۇر. كېلىشىمنى ئورۇنسىز بۇزۇش پاسىق دېگەن سۈپەتكە باشلاپ بارىدۇ: «ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، كېلىشىمگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ كېلىشىمگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ» (تەۋبە سۈرىسى 4 ـ ئايەت).

قۇرئان كەرىمنىڭ دۇنياۋى تىنچلىق ۋە ئامانلىقنى قوغداش ئۈچۈن تۈزۈپ چىققان بۇ قانۇنى ۋەدە ۋە كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىشتا ئىنسان تۈزگەن ھەممە قانۇنلاردىن بۇرۇن يولغا قويۇلغان. قۇرئان كەرىم دۇنياۋى ئىلاھىي كۆرسەتمە بولغانلىقى ئۈچۈن ھىدايىتى ۋە

ئىسلاھاتىدا بىر زامان ياكى بىر مىللەتكە چەكلىنىپ قالمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەدە ۋە كېلىشىملەرگە ۋاپا قىلىش ئومۇمىي پرىنسىپ بولۇپ، ھېچبىر ئىنسانغا ئادالەتسىزلىك قىلمايدۇ: «ئى مۆمىنلەر! كېلىشىم ۋە توختاملارغا ۋاپا قىلىڭلار» (مائىدە سۈرىسى 1 ـ ئايەت). بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا قارىتا، ئۆزلىرىگە قارىتا، كىشىلەرگە قارىتا، دۈشمەنلەرگە قارىتا ۋە تىنچلىق كېلىشىمى تۈزگەنلەرگە قارىتا (شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولسا) كېلىشىم ۋە توختاملارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇماقتا. ئەگەر كېلىشىم شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ياكى ھەقىقەتكە زىت بولۇپ قالسا، رېئايە قىلىشقا بولمايدۇ.

ئىسلام ئامانلىق، تىنچلىقنى ھىمايە قىلىشقا ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن باشقىلار ئارىسىدىكى كېلىشىملەرنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ: «كېلىشىمگە ۋاپا قىلىڭلار، كېلىشىمنىڭ سوئال ـ سورىقى بولىدۇ» دېگەن (ئىسرا سۈرىسى 34 ـ ئايەت). ئەنفال سۈرىسىدىكى 55 ـ ئايەتتىن 75 ـ ئايەتكە قەدەر ئايەتلەر ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشقىلار بىلەن بولىدىغان تاشقى ئالاقىسىنى ئېنىق يورۇتۇپ بەرگەن.

كېلىشىمنى باشقا تەرەپ بۇزمىغۇچە بۇزۇشقا بولمايدۇ، ناۋادا دۈشمەنلەر كېلىشىمنى بۇزۇپ قالسا، باشقىلارغا ئىبرەت بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى قاتتىق بېرىش لازىم: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەلۇم كىشىلەر بىلەن (مۇشرىكلارغا ياردەم بەرمەسلىككە ئۈستىدە) مۇئاھىدە (كېلىشىم) تۈزدۈڭ، ئۇلار بولسا ھەر قېتىمدا مۇئاھىدىسىنى بۇزىدۇ، ئۇلار ئاللاھدىن قورقمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى

قاتتىق جازالىغىن (يەنى ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن)» (ئەنفال سۈرىسى 56 ـ 57 ـ ئايەتلەر).

بەزىدە كېلىشىم تۈزگەنلەردىن خىيانەت ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئۇلارغا مەيدان بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى دەرھال بۇزۇپ ئۇلارغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش لازىم: «ئەگەر سەن (مۇئاھىدە تۈزگەن) قەۋمدىن خىيانەت (ئالامەتلىرىنى) سەزسەڭ، مۇئاھىدىسىنى ئۇلارغا ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن تاشلاپ بەرگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن خائىنلارنى دوست تۇتمايدۇ» (ئەنفال سۈرىسى 58 ـ ئايەت).

## جەڭ ھالىتىدىكى تاشقى سىياسىي ئىسلاھات

ئىسلام دۇنياغا رەھمەت بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇستەبىت كۈچلىرى ۋە ئەركىنلىك دۈشمەنلىرى ئىسلام دەۋىتىنىڭ ھېكمەت، ئىلمىي سۆھبەت ۋە قانائەتلەندۈرۈش يولى ئارقىلىق تارقىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، بەزىلىرى ئىسلام دەۋىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، بەزىلىرى مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، بەزىلىرى پۇرسەت تاپسىلا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلەردىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر زامان تاجاۋۇزچىلىق ياكى زۇلۇم ياكى زىيانكەشلىككە تاقابىل تۇرۇشى ئۈچۈن تەييار تۇرۇشى، زۆرۈرىيەت بولسا قوراللىق جىھاد ياكى جەڭ قىلىشى لازىم. ئىسلامدىكى قوراللىق جىھاد ياكى جەڭ ئېنىق مەقسەت ۋە بەلگىلىك قائىدىلەر ئاساسىدا بولىدۇ. بۇ جەڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى چىققان ۋە زىيانكەشلىك قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقان دۈشمەن

كاپىرلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. رەسۇلۇللاھنىڭ قوراللىق جىھادلىرى ياكى جەڭلىرى جەڭ ئېلان قىلغان ياكى زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەرنىڭ زۇلمىنى توسۇش ياكى ھەددىدىن ئاشقانلىقىغا رەددىيە بېرىش ياكى دىنى ئەركىنلىككە توسقۇنلۇق قىلىشنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان.

## 1. دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش ۋە ھەزەر قىلىش

ئىسلام دۆلىتىنىڭ قىيىن شارائىتلاردا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ھەر زامان جەڭگە ھازىر بولۇش ئۈچۈن دائىم ھەربىي تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەلۇماتقا قارىتا ھۇجۇم قىلىش كېرەك بولسا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئىستىخبارات ھەرىكىتىنى شەكىللەندۈرۈش بۇ تەييارلىق قاتارىغا تەۋە بولىدۇ. مۇسۇلمانلار قانخور دۈشمەنلەرنىڭ تۈرلۈك ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ھېچقانداق يوچۇق قويماستىن تەييارلىق قىلىشقا مۇھتاج بولىدۇ: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر. ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، ئاللاھ تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)» (ئەنفال سۈرىسى 60 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت مۇسۇلمانلار ۋە ھاكىملارنى ئۇرۇشقا ھەر زامان

تەييار تۇرۇشقا ۋە ھەر تۈرلۈك ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا بۇيرۇماقتا. ئەلۋەتتە ئۇرۇش قورالى دەۋرنىڭ تەقەززاسى بويىچە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، يېڭى تىپتىكى قوراللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار ئۈچۈن ئىقتىساد ئاجرىتىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ كۈچ قۇۋۋەت ئاملىنى تونۇشتۇرۇپ: «كۈچ - قۇۋۋەت ئېتىشنى ئۆگىنىشتىن كېلىدۇ»دېگەن (مۇسلىم رىۋايىتى). بۇ ھەدىس ئاتىدىغان نەرسىنىڭ تۈرىنى بايان قىلماستىن، مۇتلەق ھالدا ئېتىشنى ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلغان.

يۇقىرىقى ئايەت ھەربى تەييارلىق قىلىشتىن مەقسەت دۈشمەنىنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش ئارقىلىق، دۈشمەننى ھۇجۇم قىلىش خىيالىدىن چېكىندۈرۈشنى كۆزلىگەن. دۆلەت كۈچلۈك بولسا، دۈشمەن ھۇجۇم قىلالمايدۇ ياكى ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايدۇ ياكى باشقىلارغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. نەتىجىدە ئىسلام دەۋىتى ئەركىن ھالدا تارقىلىدۇ، بۇ دىنغا كىرىشنى خالىغانلار ھېچكىمدىن قورقماستىن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىماستىن مۇسۇلمان بولالايدۇ.

## 2. ھەزەر قىلىش ۋە ئېھتىيات يولىنى تۇتۇش

ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلاردىن قۇتۇلمىغىچە ياكى دىنىغا توسالغۇ پەيدا قىلمىغۇچە توختىمايدۇ، شۇڭا ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇلارنىڭ خىيالىدا نېمىلەرنىڭ ئايلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان: «كاپىرلار سىلەرنىڭ قوراللىرىڭلاردىن، ئەشيالىرىڭلاردىن غەپلەتتە قېلىشىڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن سىلەرگە بىردىنلا (تۇيۇقسىزدىن) ھۇجۇم قىلىشنى

ئارزۇ قىلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەرنىڭ سىلەرگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماسلىقى ئۈچۈن، ھەممىڭلار بىرلا ۋاقىتتا يىغىلىپ ناماز ئوقۇماي، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئوقۇڭلار). ئەگەر سىلەرگە يامغۇر سەۋەبلىك ھەرەج بولىدىغان بولسا ياكى كېسەل بولساڭلار، (بۇ چاغدا) قوراللىرىڭلارنى قويۇپ قويساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىرلار ئۈچۈن خورلىغۇچى ئازاب تەييارلىدى» (نىسا سۈرىسى 102 ـ ئايەت).

ئېھتىيات قىلىش ۋە ھەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئېلىش ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى سىياسىي ئىسلاھات قائىدىلىرىدىن بىر قائىدە بولۇپ، دۆلەتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە يىراقنى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىسلام دۆلىتى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدىكىدەك ئىستىخبارات ئورگىنى شەكىللەندۈرۈپ دۈشمەنىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۈزىتىشى، تەييارلىقلىرىدىن خەۋەردار بولىشى ۋە ھەر ۋاقىت توقۇنۇشقا ھازىر بولىشى كېرەك: «ئى مۆمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) ئېھتىيات ھالىتىدە تۇرۇڭلار، ئۇرۇشقا تۈركۈم ـ تۈركۈم بولۇپ ياكى ھەممىڭلار بىر بولۇپ چىقىڭلار» (نىسا سۈرىسى 71 ـ ئايەت). بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنى ئېھتىيات ۋە ھەزەر قىلىشقا، دائىم تەييار تۇرۇشقا، جىددى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە كۆرسەتمە بەرمەكتە.

ھەزەر قىلىش ياكى ئېھتىيات قىلىش بۈگۈنكى زاماندا «ئىستىخباراتچىلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دۈشمەنىنىڭ ئەھۋالى، كۈچى، تەييارلىقى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى بىلىپ تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھالەت ئىسلام دۆلىتىنىڭ تاشقى ئىستىخباراتچىلىق پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇشنى تەلەپ

قىلىدۇ. شۇنداقلا تولۇق ۋاستە ۋە قوراللارغا چېنىقىشنى، يېڭى ماھارەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشنى ۋە دۈشمەننىڭ جۇغراپىيە خەرىتىلىرىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر دەسلەپتىن تارتىپ ئىستىخباراتچىلىقنى قوللىنىپ كەلگەن ۋە دۈشمەن زېمىنلىرىغا ئادەملىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان. رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتىدا بۇنىڭ مىساللىرى بەك كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىستىخباراتچىلىق ۋە بىخەتەرلىك نەزەرىيىسىگە سەل قاراش مۇسۇلمانلارنى خورلۇق ھاياتقا دۇچار قىلىدۇ، يۇرتىنىڭ مەھكۇم بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا بۈگۈن كۈچلۈك ئىستىخبارات ۋە جانلىق تەشۋىقاتقا ئىگە بولغان دۆلەت ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولماقتا.

قورallıq جىھادقا ئاتلىنىشنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە تەقەززالىرى تۈرلۈك بولىدۇ، ناۋادا قايسى بىر دۈشمەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يۇرتىغا باستۇرۇپ كىرسە، شۇ يۇرتنىڭ بارلىق ئەر - ئايال ئاھالىسىنىڭ مۇداپىئەگە ئۆتۈشى پەرز ئەينى بولىدۇ: «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش - قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار» (تەۋبە سۈرىسى 41 - ئايەت). ئەگەر خەلىپە ياكى سۇلتان قورallıq جىھادقا چاقىرسا كۈچى يەتكەنلەرنىڭ چىقىشى ۋاجىپ بولىدۇ.

شۇنداقلا مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلسا، ئەركىن دىنىي پائالىيەت قىلغىلى قويمىسا، ئۇ چاغدا ئەقىدە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەڭ قىلىش لازىم: «تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛

ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ» (بەقەر سۈرىسى 193 ـ ئايەت). بىراق جىھاد ئۇقۇمىنى تار دائىرىگە كىرگۈزۈپ قويۇش توغرا ئەمەس، چۈنكى جىھاد ئۇقۇمى ئىدىيە، بىلىم ـ مەرىپەت، تەشۋىقات، ئىقتىساد، جان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ۋە جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈش...تىن ئىبارەت دائىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتىمۇ يۇقىرىقى تەرەپلەرنىڭ ھەر بىرسىگە ئېھتىياج بولىدۇ.

## 3. مەنىۋى روھنى كۆتۈرۈش

قوراللىق جىھاد قىلىش ياكى جەڭ قىلىش ئىسلامنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىدۇر، چۈنكى ئۇ مەزلۇملارنى ھىمايە قىلىدۇ، دۈشمەنگە زەربە بېرىدۇ، دەۋەت يولىنى ئاچىدۇ. جەڭ قىلىش ئىنسان نەپسىگە قېيىن ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولغاچقا، ئىنسان نەپسى مۇشەققەتتىن قاچىدۇ ۋە ئاسانچىلىققا مايىل بولىدۇ. شۇڭا ماددى كۈچ بىلەن تەييارلىق قىلىش تەلەپ قىلىنغاندەك، مەنىۋى كۈچ بىلەنمۇ تەييارلىق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەنىۋى تەييارلىق ماددى تەييارلىقتىن تۆۋەن تۇرمايدۇ، چۈنكى مۇداپىئە قىلىدىغان نەرسىنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئىنساندىن ياردەم كۈتكىلى بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئۇمۇمىي ھىدايەت ئۇقۇمىنى ئېلىپ كەلگەن بولغاچقا، ئىنسان نەپسىدىكى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ، جىھادنى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى تىكلىگەن، ئىززەت ـ شەرەپ روھىنى يۈكسەلدۈرگەن، قەيسەرلىككە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى يىراقلاشتۇرغان. مەسىلەن،

1) ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى بىنورمال تەسەۋۋۇرنى تۈزەتكەن، شېھىتلەرگە ھەقىقى ئىززەتلىك ھايات ۋەدە قىلىپ، قورقۇنچ ئامىللىرىنى يوقاتقان: «ئاللاھنىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلانىدۇرۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ»(ئال ئىمران سۈرىسى 169 ـ 170 ـ ئايەتلەر). ئىشلارنى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ھاياتقا مۇنداق قاراشنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نەپسىدە چوڭ تەسىرى بار. شارائىت تەقەززا قىلغان قوراللىق جىھادقا چىقىش ۋە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش ئامانلىق ۋە تىنچلىقنىڭ سەۋەبىدۇر، چۈنكى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلمايدىغان مىللەت ياكى ئۈممەتكە باشقىلار خىرىس قىلىشقا باشلايدۇ ۋە پۇرسەت تاپسىلا ھۇجۇم قىلىدۇ.

2) قىزغىنلىق روھىنى ئاشۇرۇش ۋە باتۇرلۇق ئامىللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتكە تېگىشىدىغانلار ئاللاھ يولىدا (جېنىنى، پۇل ـ مېلىنى پىدا قىلىپ) جىھاد قىلسۇن، كىمكى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ياكى غەلىبە قىلسا، بىز ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلىمىز»(نىسا سۈرىسى 74 ـ ئايەت). بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ كۆزلىرىنى يۇقىرىغا ئىنتىلدۈرمەكتە، ھەر

ئىككى ھالدا مۇكاپاتنىڭ بارلىقىنى تەكىتلىمەكتە ۋە مۇكاپاتنى كۆزى كۆرۈپ تۇرغاندەك تەسۋىرلىمەكتە.

يەنە: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان ئاللاھنىڭ راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر»(تەۋبە سۈرىسى 111 ـ ئايەت)

3) جەڭگە قىزىقتۇرۇش ئەخلاق ۋە سەۋرچانلىق روھىنى تىكلەيدۇ: «(تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار :<ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز بىر توپ ئادەملەر كۆپ ئادەملەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان> دېدى. ئاللاھ چىداملىق كۆرسەتكۈچىلەر بىلەن بىللىدۇر» (بەقەر سۈرىسى 249 ـ ئايەت). ئەقىدە ھىمايىسىدىكى مۇسۇلمان زۇلۇم ئاستىغا چۈشۈپ قالسىمۇ بىرەرسىنىڭ غەلىبە قىلغىنىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ھەرگىز تەسلىم بولمايدۇ، تەسلىم بولۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ دۈشمەننىڭ غەلىبىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

## ھەربىي سىياسەتتىكى ئىسلاھات قائىدىلىرى

ئىسلامنىڭ تاشقى سىياسىي ئىسلاھاتى مۇقىم قائىدە ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان، بۇ قائىدىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىسلام دۆلىتىنىڭ ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھەربى سىياسەتلەرگە رىئايە قىلىشىغا يۈزلەندۈرگەن. بۇ قائىدىلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن: تاجاۋۇزچىلىققا رەددىيە بېرىش، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، دىنىنى ھىمايە قىلىش، مۇسۇلمانلارنى بوزەك قىلىدىغان ئىشلارنى چەكلەش، تىنچلىق ئوروناتقانلارغا تاجاۋۇز قىلىشنىڭ ھاراملىقى...دىن ئىبارەت.

## 1. تاجاۋۇزچىلىققا رەددىيە بېرىش ۋە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش

دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقلىرىغا رەددىيە بېرىش ۋە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ئىسلامنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ مۇھىملىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئەگەر بۇ مەسىلىگە سەل قارالسا بۇزغۇنچىلىق دۆلەتنىڭ سىرتىدىن ئىچىگە كىرىشكە باشلايدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، تاجاۋۇزچىلىققا رەددىيە بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن، ھەددىدىن ئاشقانلار ۋە زۇلۇم قىلغانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى مۇسۇلمانلارنىڭ سۈپىتىدۇر، دەپ مەدھىيىلىگەن. مەسىلەن،

مەككە باسقۇچىدا مۇسۇلمانلار كۆپ ئەزىيەتكە ئۇچرىغان، كاپىرلار كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارغا تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئازار بەرگەن. مۇسۇلمانلار بۇ خىل شارائىت ۋە ئاجىز ۋەزىيەت ئالدىدا سەۋر قىلىشى ۋە بەرداشلىق بېرىشى لازىم. قۇرئان كەرىم ئاجىز شارائىتتا قورال كۆتۈرمەسلىككە ۋە دۈشمەنلەرنىڭ ئەزىيەتلىرىگە رەددىيە بەرمەسلىككە كۆرسەتمە بەرگەن: «مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، ئاللاھ ھەر قەۋمنىڭ قىلمىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھنىڭ كۈنلىرىنى ئۈمىد قىلمايدىغانلارنى (يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقمايدىغان كۇففارلارنىڭ يەتكۈزگەن

ئەزىيەتلىرىنى) كەچۈرسۇن » (جاسىيە سۈرىسى 14 ـ ئايەت).

شۇ زاماندا مۇسۇلمانلارنى قوغدىغۇدەك ھەربىي كۈچ شەكىللەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەگەر مەككىدە ھەربىي كۈچ شەكىللەنگەن بولسا، بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولاتتى ۋە دەۋەتنىڭ بۆشۈكىدىلا كۆمۈلۈپ قېلىشىغا ياكى بىر قانچە يىل ئارقىغا چېكىنىشىگە ئېلىپ باراتتى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيەت دەسلەپكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا مۇنتىزىم رەددىيە بېرىشىگە يول قويمايتتى. بىراق مۇسۇلمانلار كۈچلەنگەندە زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىنمىدى، بەلكى ئىززەت ـ شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن قىزىقتۇرۇلدى: «ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر» (نەھل سۈرىسى 126 ـ ئايەت).

مانا بۇ ئايەت مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن بولىدىغان ئالاقىسىدىكى ئاساسلارنىڭ بىر ئاساسىدۇر، دۈشمەنلەر نېمە بىلەن ھۇجۇم قىلسا، شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بىلەن تاقابىل تۇرۇش لازىم. دۈشمەننىڭ قىلمىشىغا ئوخشاش جاۋاب قايتۇرۇش ئادالەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا رەددىيە بېرەلىگەنلىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەقىل ئىكەنلىكىنىڭ ئىشارىتىدۇر. ئىسلام دۆلىتىنىڭ كۈچلۈك بولىشى سىياسىي مەنپەئەت بولۇپ، دۆلەتنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە دۈشمەنلەرگە قورقۇنچ سالىدۇ،

دۈشمەنلەرنى ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى مىلىك ئويلايدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغان: «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا قوراللىق جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» (بەقەر سۈرىسى 190 ـ ئايەت).

ئەلۋەتتە مۇنداق دېگەنلىك دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلغۇچە كۈتۈپ تۇرسۇن، دېگەنلىكنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش مەقسىتى ئاشكارىلانغىلى تۇرسا، مۇسۇلمانلار ئالدىنئالا دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىش كېرەك. دۈشمەننى كۈتۈپ تۇرسا، ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرەلمەي قالىدۇ، بەلكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئۇشتۇمتۇت زەربىگە ئۇچرايدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ تارىخىدا بۇنى تەكىتلەيدىغان مىساللار بار.

يۇقىرىقى ئايەتتىكى «تاجاۋۇز قىلماڭلار، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەڭلار» دېگەن ئايەتنى رەسۇلۇللاھ تەپسىلى روشەنلەشتۈرۈپ بەرگەن. شۇڭا كىشىلەر تۈزگەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا بولمايدۇ ياكى خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ؛ شۇنداقلا ئاياللار، بالىلار، ياشانغانلار ۋە ئىبادەتخانىسىدىن چىقمايدىغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

دۈشمەن قاچان تاجاۋۇز قىلىپ قالسا، شۇ چاغدا رەددىيە بېرىش لازىم: «بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار؛ ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر» (بەقەر سۈرىسى 194 ـ ئايەت). دۈشمەنگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش ئاجىزلىق ياكى كەمچىللىكنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بەلكى ئادالەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

## 2. دىننى ھىمايە قىلىش ۋە بوزەك قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئىسلام دەۋىتى خەلقئارالىق بىر دەۋەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دۆلىتى بىلەن باشقىلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئاساسىي ئاللاھ يولىغا دەۋەت قىلىشتۇر. بۇ خەلقئارالىق ئىسلام دەۋىتى بەزىدە بەزى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىشى مۇمكىن، بۇلار ئىسلام دەۋىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈلۈشىگە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۆلىتى تاشقى سىياسىتىدە دەۋەتنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىشى لازىم بولىدۇ.

ئىسلام دەۋىتىنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ ئېزىلىش ياكى بوزەك قىلىنىشى ياكى خورلىنىشى ياكى دىنىدىن چىقىپ كېتىش بېسىمىغا ئۇچرىشىغا يول قويماسلىق ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر: «تاكى پىتنە (يەنى زىيانكەشلىك) تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى ئەركىنلىككە ئېرىشكەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ» (بەقەر سۈرىسى 193 - ئايەت).

بۇ ئايەتتە كەلگەن «پىتنە» سۆزىدىن مەقسەت زىيانكەشلىك قىلىش، ئېزىش، ئەزىيەت بېرىش، تەھدىت قىلىش، قورقۇتۇش، توسقۇنلۇق قىلىش، بوزەك قىلىش ياكى كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن بۇزۇق ۋەزىيەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلار پىتنە قاتارىدىن سانىلىدۇ.

مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ۋە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان، ئۇلارنى تۇرلۇك بېسىم ۋە زۇلۇم قىلىش ئارقىلىق دىنىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان ياكى ئىسلام دەۋىتىنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش لازىم. ئۇ زالىملار ئىسلام دەۋىتىگە ھەر قايسى جەھەتتىن توسقۇنلۇق قىلىشتىن توختىغانغا قەدەر ياكى مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىش لازىم، چۈنكى كىشىلەرنىڭ دىنى ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان زالىم مۇستەبىتلەرنىڭ مەۋجۇت بولىشى خەلقلەر ئۈچۈن بەك خەتەرلىك: «ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق» (تەۋبە سۈرىسى 12 ـ ئايەت).

ئەقىدىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ھمايە قىلىش ئۈچۈن ئەنفال سۈرىسى ھەربىي سياسەتنى تەكىتلەپ: «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدىن توختىسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دەيدۇ (ئەنفال سۈرىسى 39 ـ ئايەت). بۇ ئايەتتىكى «دىن پۈتۈنلەي ئاللاھ ئۈچۈن بولغانغا قەدەر» دېگەن ئايەتتىن مەقسەت، بۇ كاپىرلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر دېگەن ئۇقۇم چىقمايدۇ، بەلكى ئەقىدە ۋە دەۋەت ئەركىنلىكى ھاسىل بولغاندا ئىسلامنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ، دېگەن بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم دىن ۋە دەۋەت ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش

ئۈچۈن دۈشمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلغان، ئەگەر دۈشمەنلەر بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ قالسا، يىراق دۈشمەننى قويۇپ تۇرۇپ، ئەڭ يېقىندىكى دۈشمەننى بۇرۇن بىر تەرەپ قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار(يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر(يەنى ئاللاھ تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)» (تەۋبە سۈرىسى 123 ـ ئايەت). بۇ ئايەت بىزگە جەڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بېرىپ، دۈشمەنلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەسلەپتە ئەڭ يېقىن جايدىكى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش يولىنى بايان قىلماقتا. جەڭ مەيدانىدا قەيسەر، جۈرئەتلىك ۋە چىداملىق بولۇشقا تەشەببۇس قىلماقتا.

## 3. قۇرئاندىكى جىھاد ياكى جەڭ قىلىش غايىلىرى

ئىسلامدىكى جىھاد ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ كۆڭلىنى قاندۇرۇۋېلىش يا ئۆچىنى ئېلىۋېلىش ياكى شەخسىي مەنپەئەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ئوخشاش تۈيغۇلار سەۋەبىدىن ئېلىپ بېرىلمايدۇ، بەلكى شەرىئەتنىڭ يۈكسەك مەقسەتلىرىگە يېتىش ۋە بۈيۈك ئىنسانىي نىشانلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلام ئارقىلىق بەختكە ئېرىششى ئۈچۈن بولىدۇ.

قۇرئان جىھادنى مۇئەييەن مەقسەت ۋە نىشانلار ئۈچۈن يولغا قويغان:

1. ئىسلام دىنىنى، مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلام ۋەتىنىنى ھىمايە قىلىش.

2. ئېتىقاد ۋە ئىبادەت ئەركىنلىكىنى قوغداش.

3. دەۋەت قىلىش ئەركىنلىكى ئۈچۈن بازار ئېچىش ۋە پىتنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. پىتنە دېگەن: دىنىنى ئۆزگەرتىشكە زورلاش، دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارغا تۈرلۈك ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

4. مەزلۇم ئىنسانلارنى زالىم مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۇلاردىن زۇلۇمنى كۆتۈرۈۋېتىش.

5. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھىمايە قىلىش.

6. كېلىشىم ۋە ئەھدىنامىلەرنى بۇزىدىغان بۇزغۇنچىلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش.

ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنى تونۇش ۋە ئىبادەت قىلىشىغا يول كۆرسىتىپ قويۇش ئەڭ چوڭ غايە. بۇ يولدىن توسىدىغان كىشىلەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىش ئەڭ چوڭ ۋاستە. بۇ يەردە ۋاستىنى غايىنىڭ ئالدىغا قويۇۋېلىش ئىككىسىنى پەرق ئېتەلمەسلىككە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن مۇمكىن بولسا ھىدايەت يولىغا باشلىغانلىقىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، غايىنىڭ ۋاستىگە بولغان ئارتۇقچىلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

جىھادنىڭ يۇقىرىقى مەقسەتلىرىگە رىئايە قىلمىغاندا ئىنسانلارنىڭ جان ۋە ماللىرىغا سەل قارايدىغان، جەمئىيەت ۋە ئامنىنىڭ مال ـ

مۇلكىگە زىيان سالىدىغان، پىتنە پەيدا قىلىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزىدىغان ۋە ئىسلامنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەتلىك دىن ئىكەنلىك ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋېتىدىغان ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەممە كىشىلەرنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن دۇنيادىن كۇپۇرلۇقنى تۈگىتىش، كىشىلەرنى دىنغا كىرىشكە زورلاش ۋە ئىقتىسادى نىشان ئۈچۈن غەنىمەتنى دەپ جەڭ قىلىش جىھادنىڭ مەقسىتى قاتارىغا كىرمەيدۇ. باشقىلار كاپىر بولغانلىقى ئۈچۈنلا جەڭ ياكى جىھاد ئېلان قىلىنمايدۇ، بەلكى زۇلۇم قىلىش ياكى زىيانكەشلىك قىلىش ياكى دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىش سەۋەبىدىن بولىدۇ. شۇنداقلا كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىش ئىستراتېگىيىلىك نىشانمۇ ئەمەس، بەلكى ھاكىم مەجبۇر بولۇپ قالغاندا تايىنىدىغان مەجبۇرى بىر تاللاش يولدىن ئىبارەت.

قۇرئان كەرىم بىزنى پۈتۈن دۇنيا كاپىرلىرىغا جەڭ ئېلان قىلىشقا بۇيرۇمىغان، بەلكى دۈشمەنلىك ياكى زىيانكەشلىك قىلغان كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىشقا بۇيرۇغان: «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. ئۇلارنى (ئۇلار ھەرەمدە بولسۇن، باشقا يەردە بولسۇن، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بولسۇن) ئۇچراتقان يەردە ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن (يەنى مەككىدىن) چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرمۇ ئۇلارنى يۇرتىدىن چىقىرىۋېتىڭلار، زىيانكەشلىك قىلىش ئۇرۇشتىنمۇ ياماندۇر. تاكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچمىغىچە مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار، ئەگەر ئۇلار (مەسجىدى ھەرەم ئەتراپىدا)

ئۆزلىرى ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار. كاپىرلارنىڭ جازاسى شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا (سىلەرمۇ ئۇرۇشتىن قول يىغىڭلار)، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارغا) ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ» (بەقەر سۈرىسى 190 ـ 193 ـ ئايەتلەر).

بۇ ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن رېئاللىق ئاساسىدا ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش شەرئى سىياسەتتۇر، ئىسلام ۋەتىنى ۋە ئىسلام مىللىتىگە ھېچقانداق قىممەت بەرمەسلىك جىھادنى مەقسىتىدىن ئايرىۋەتكەنلىكتۇر، جىھاد مەيدانىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىكتۇر، ۋەتەن پەرزەنتلىرى ئارىسىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىدىيە توقۇنۇشى پەيدا قىلىپ، خاتا پىكىر تارقاتقانلىقتىن ئىبارەت. شۇنداقلا ياشلارنى ھەقىقى جەڭ مەيدانىدىن باشقا تەرەپلەرگە يۈزلەندۈرۈپ، مىللەتنى ئاجىزلىتىش، مىللەت كۈچىنى خورىتىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بەرگەنلىكتۇر.

جىھاد قىلىش پەقەتلا شېھىت بولۇش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى سىياسىي نىشان ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرىكەتتۇر. بىز ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلۈش ئۈچۈن جەڭ قىلمايمىز، بەلكى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئادالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەڭ قىلىمىز. چۈنكى زۇلۇم يوقۇلۇپ، ئادالەت تىكلەنگەندە ئاللاھنىڭ سۆزى ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە باشلايدۇ. ئىسلام دەۋىتى ئەركىن ۋە تىنچ مۇھىتتا جانلىنىشقا باشلايدۇ. جەڭ ۋە قالايمىقانچىلىق ئەۋج ئالغان مۇھىتتا ئىسلام دەۋىتى ساغلام تارقىيالمايدۇ.

دائىرىسى ۋە چېگرىسى بەلگىلەنمىگەن، كىمنىڭ دوست ۋە كىمنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكى پەرقلەندۈرۈلمىگەن زېمىندا دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. چېگرىسىز دۈشمەن پەيدا قىلىش، ئىسلام ئەللىرىدىكى پۈتۈن ھۆكۈمەتلەرنى خائىن، مۇرتەت، تاغۇت (شەيتان) ياكى كاپىرغا چىقىرىش، ئۆزىدىن باشقىلارنى مۇۋەھھىد (ساغلام ئەقىدىلىك) مۇسۇلمان قاتارىدا كۆرمەسلىك دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتنى بەلكى ھەممە ئىنسانلارنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

جىھاد بۇيۇك پرىنسىپ بولسىمۇ، بىراق ئۇنى تەتبىقلاش شارائىتتىكى قىيىنچىلىق ۋە ئاسانلىق، قايسى ئىشنى باشتا بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەۋزەللىك ئۇقۇمىغا رىئايە قىلىش، پايدا ـ زىياننى سېلىشتۇرۇپ ئىش قىلىش، تەدرىجى قەدەم بېسىش، ئۇزۇن ۋە قىسقا مۇددەتلىك پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلىشتىن ئىبارەت ۋاستىلەرنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ. ئۇ قەلبىدىكى تۇيغۇ بىلەنلا بولىدىغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئىمكانىيەت ۋە رېئاللىققا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان سىياسىي ئىش ـ ھەرىكەتتىن ئىبارەت.

مۇمكىن قەدەر دۈشمەننىڭ سانىنى ئازايتىش، ئامال بار بىر دۈشمەندىن باشقا دۈشمەننى پەيدا قىلماسلىق، باشقا دۆلەتلەردىن ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە پايدىلىنىش توغرا شەرئى سىياسەتتۇر ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سىياسىي كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن ھەرىكەتتۇر.

قۇرئاندىكى جىھاد توغرىسىدا بىرىنچى قېتىم چۈشكەن ئايەتمۇ ئادالەتنى مۇداپىئە قىلىش ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش روھىنى كۆرسەتمەكتە: «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز

ئاللاھ دىگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چىركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر» (ھەج سۈرىسى 39 ـ 40 ـ ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەر قوراللىق جىھاد قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى زۇلۇمغا ئۇچراش، يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىنىش ۋە ئەركىن ئىبادەت قىلالماسلىق دەپ بايان قىلغان. شۇ سەۋەبتىن بۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئەقىدىسىنى قوغداش ۋە ئىبادەت ئورۇنلىرىنى ھىمايە قىلىش ھەققىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلىگەن.

***تەۋبە سۈرىسى كاپىرلارنى ئۈچ تۈرگە بۆلگەن***

بىرىنچى تۈرى: مۇسۇلمانلار بىلەن كېلىشىم تۈزگەن كاپىرلار، بۇلار كېلىشىمگە ۋاپا قىلىدۇ، تۆۋەندىكى ئايەت مۇسۇلمانلارنى بۇلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە ۋاپا قىلىشقا چاقىرىدۇ: «ئەمما مۇشرىكلار ئىچىدىكى سىلەر بىلەن كېلىشىم تۈزگەن، كېلىشىمگە ھېچقانداق خىلاپلىق قىلمىغان، سىلەرگە قارشى ھېچقانداق ئادەمگە ياردەم بەرمىگەن كاپىرلارغا كەلسەك، ئۇلار بىلەن تۈزگەن بۇ كېلىشىمگە ئۇنىڭ ۋاقتى توشقانغا قەدەر رىئايە قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى دوست تۇتىدۇ»(تەۋبە سۈرىسى 4 ـ ئايەت).

ئىككىنچى تۈرى: بىر تەرەپلىمە پوزىتسىيىدە تۇرغان كاپىرلار، بۇلار قايسى مەيداندا تۇرۇشنى بەلگىلەش ئۈچۈن ھەققەتنى

بىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ. تەۋبە سۈرىسىدىكى ئايەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ كاپىرلارغا ئامانلىق بېرىشىنى، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كېپىل بولۇشىنى، ھەقىقەتنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىلىرىدا روشەن قويۇپ، ئۇلارنى كېتىدىغان يېرىگە قەدەر ھىمايە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ: «ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر» (تەۋبە سۈرىسى 6 ـ ئايەت).

ئۈچىنچى تۈرى: مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىدىغان، مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى بۇزىدىغان، مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان كاپىرلار: «ئۇلار مۆمىنلەر ھەققىدە نە تۇغقانچىلىقنى، نە كېلىشىمگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەنە شۇلار (سىلەرگە زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر»(تەۋبە سۈرىسى 10 ـ ئايەت).

يەنە: «ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار، ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق» (تەۋبە سۈرىسى 12 ـ ئايەت).

دېمەك، تەۋبە سۈرىسىدىكى بۇ ئايەتلەردە پۈتۈن كاپىرلار ئومۇملاشتۇرۇلمىغان، بۇ ئايەتلەردە تەشەببۇس قىلىنغان جىھاد ياكى جەڭ مۇتلەق كاپىرلارغا قارىتىلمىغان. بەلكى كېلىشىمنى

بۇزىدىغان، سۆزىدە تۇرمايدىغان، رەسۇلۇللاھ ۋە مۆمىنلەرگە ئەزىيەت بەرگەن ۋە ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقارغان تاجاۋۇزچى كاپىرلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن بايان قىلىنغان: «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! ئەھدە بەرگەندە) ئىچكەن قەسىمىنى بۇزغان، پەيغەمبەرنى (مەككە)دىن ھەيدەپ چىقىرىشنى قەستلىگەن ۋە سىلەرگە ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلغان قەۋمگە ئۇرۇش ئاچماسسىلەر؟ ئۇلاردىن قورقامسىلەر؟ ئەگەر مۆمىن بولساڭلار، قورقۇشۇڭلارغا ئاللاھ ئەڭ لايىقتۇر» (تەۋبە سۈرىسى 13 ـ ئايەت).

جىھاد قىلىش ئىسلامنىڭ باشقا پرىنسىپلىرىغا ئوخشاش بىر پرىنسىپ ۋە قىممەت قاراش بولۇپ، ئۇ ۋەھيىنىڭ ئومۇمىي باغلىنىشىدىن چۈشىنىلىدۇ. جىھادنى چۈشىنىشتە ئايەتلەرنى بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇرۇشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا بەزى ئايەتلەرگە ئەمەل قىلىپ يەنە بەزىسىگە ئەمەل قىلماسلىق توغرا بولمايدۇ. جىھادنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن «جىھاد» سۆزىنىڭ ۋەھيىدە كەلگەن ئورنىغا ۋە جۈملىدىكى باغلىنىشىغا دىققەت قىلىش، شۇنداقلا «جىھاد» سۆزى بىلەن «قىتال» سۆزىنىڭ سىياقى (باغلىنىشى) ۋە تەقەززاسىغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك.

ئىلاھىي ۋەھيىدىكى جىھادنىڭ مەقسەتلىرىگە قارىساق جىھاد قىلىش ياكى قوراللىق جەڭنىڭ مەقسىتى دۇنيادىن كاپىرلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەق ـ ھوقۇقلارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىخەتەرلىك ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ئىسلامدىكى قوراللىق جەڭ ياكى جىھاد ھەرىكىتى زۇلۇم، ھەددىدىن ئېشىش، تاجاۋۇز قىلىش ۋە دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىشقا قارشى يولغا قويۇلغان. قايسى بىر كاپىر زۇلۇم قىلسا ياكى تاجاۋۇز قىلسا ياكى ھەددىدىن ئاشسا ياكى دەۋەتكە

توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش ئەلۋەتتە يوللۇقتۇر ۋە شارائىتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئىمپېرىيە قۇرۇش ئىسلامنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى ئەمەس، بەلكى ئىسلام دەۋىتىنى دۇنياغا تارقىتىش ئىسلامنىڭ مەقسىتىدۇر. دەۋەتنى تارقىتىش ۋە دەۋەتچىلەرنىڭ خاتىرجەم ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن تىنچ مۇھىت شەكىللەندۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ.

كىم بىزگە جەڭ ئېلان قىلسا ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىمىز، كىم بىزگە چېقىلمىسا بىز ئۇنىڭغا چېقىلمايمىز، كىم تىنچ ياشاشنى تاللىسا بىزمۇ تىنچ ياشايمىز، كىم زىيانكەشلىك قىلىشنى پىلان قىلسا، بىزمۇ ئەدىپىنى بېرىشنى پىلان قىلىمىز. مانا بۇ ئىسلامنىڭ قوراللىق جىھاد قىلىش ياكى جەڭ قىلىش ئەقىدىسىدىن ئىبارەت.

## 4. تىنچ ياشاۋاتقانلارغا ھۇجۇم قىلىش توغرا ئەمەس

ئۇرۇشۇۋاتقان دۈشمەنلەرگە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش چەكلەنگەن يەردە، ئەلۋەتتە تىنچلىق يولىنى تاللىغانلارغا تاجاۋۇز ياكى ھۇجۇم قىلىش چەكلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم ئۇتتۇرىغا قويغان مەقسەتلىرىدىن بۇرۇلغاندا يوللۇق جەڭمۇ ھارامغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، دۇنياۋى غەرەز ئۈچۈن جەڭ قىلىش توغرا ئەمەس: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتنى تەكشۈرۈپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيانىڭ مال - مۈلكىنى(غەنىمەتنى) كۆزلەپ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى

ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار). ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار. ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزۈڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر » (نىسا سۈرىسى 94 ـ ئايەت). بۇ ئايەت ئاللاھ يولىدا جىھاد ياكى جەڭ قىلغۇچىلارغا كۆرسەتمە بېرىپ، دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىشتىكى ئەسلى مەقسەتنى مال ـ دۇنيا توپلاش ۋە غەنىمەت ئېلىش قىلىۋالماڭلار. چۈنكى قۇرئاندىكى جىھاد ياكى جەڭنىڭ مەقسىتى مۇقەددەس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى دەرىجىسىدىن چۈشۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك، دەيدۇ.

ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى ئېلان قىلغان كىشىگە سەن مۇسۇلمان ئەمەس، ئۆلۈمدىن قورقۇپ شۇنداق دېدىڭ دېمەڭلار، بەلكى سىرتقى كۆرۈنۈشىگە كۆرە ئىش تۇتۇڭلار. كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىرلىقىنى تەكشۈرۈڭلار، ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ئاسراڭلار، قان مەسىلىسىدە سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ قېنى كەئبىنىڭ ھۆرمىتىدىن ئۇلۇغدۇر. شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقان بولسا ياكى ئىسلامنىڭ قايسى بىر شوئارىنى قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قېنى، ئابرويى ياكى مال ـ مۈلكىگە چېقىلىشقا بولمايدۇ.

تىنىچ ياشاۋاتقان ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ: «كىم كېلىشىم تۈزگەن ئادەمگە زۇلۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ ئادەم جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ» دېگەن (بۇخارى رىۋايىتى).

دېمەك، قۇرئان كەرىم يولغا قويغان قانۇنلار دۇنياۋى تىنچلىقنى

قانات يايدۇرىدۇ، ئىسلام دۆلىتىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قان، ئابروي ۋە مال ـ مۈلكىنى قوغداش ئاساسىدا ئىنتىزامغا سالىدۇ، باشقىلار دۈشمەنلىك ياكى زىيانكەشلىك قىلمىسا ئۇرۇش قىلىشقا مايىل بولمايدۇ.

## 5. جىزيە مەسىلىسى

«جىزيە» باشقا دىندىكىلەرنىڭ ھىمايە قىلىنىشى ئۈچۈن تۆلەيدىغان بەدەل پۇلدىن ئىبارەت. ئىسلامدا جىزيە جەڭ قىلالايدىغان ئەر كىشىلەردىن ئېلىنغان. ئۇنداقتا ئۇ بۈگۈنكى زاماندىكى ھەربىي خىزمەتنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە تۆلەيدىغان پۇلدىن ئىبارەت.

جىزيە ئېلىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى: «سىلەر ئەھلى كىتابتىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى)غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار» (تەۋبە سۈرىسى 29 ـ ئايەت).

بۈگۈن بىر بۆلەك فۇقاھالار جىزيەنى شۇ زاماندا ئەۋج ئالغان جەڭ ئىنتىپاقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى، بۈگۈن تىنچلىق ۋە جەڭگە ئالاقىدار كۆپلىگەن نەرسىلەر ئۆزگەردى، دەپ قارىغان. مەسىلەن، دوكتۇر مۇستاپا سىبائى مۇنداق دەيدۇ: «جىزيە ئىسلامدىن ئىلگىرى مەغلۇب بولغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە قارا قوياق مەجبۇرى بېكىتىلەتتى، ئىسلام كەلگەندە جىزيە مۇسۇلمان بولمىغانلاردىن پەقەتلا جەڭ قىلالايدىغان ئەسكەرلەرگىلا بېكىتىلگەن، ئىسلام

دۆلىتىگە دۈشمەنلىك قىلمايدىغان باشقا دىنىدىكىلەرگە جىزيە تېڭىلمايدۇ. چۈنكى جىزيە توغرىسىدىكى ئايەت ئەھلى كىتاب بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇلارنى يېڭىۋالغاندا جەڭنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە ئېلىنىدىغان تۆلەم پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. بىراق بارلىق ئەھلى كىتاب بىلەن جەڭ قىلىش لازىم ئەمەس، بەلكى كىم مۇسۇلمانلارغا قارشى قورال كۆتۈرسە ۋە دۆلەتنى خەتەرگە ئۇچراتماقچى بولسا ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىمىز. بۇنىڭ دەلىلى شۇكى: «سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا قوراللىق جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ» (بەقەر سۈرىسى 190 ـ ئايەت). ئۇنداقتا جىزيە ئايىتىدىكى جەڭ قىلىش بۇيرۇقى بىزگە قارشى جەڭ قىلغان ئەھلى كىتابلارغا قارىتىلغان، بىزگە جەڭ ئېلان قىلمىغانلار بىلەن جەڭ قىلىش ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان تاجاۋۇزچىلىقتۇر: «(كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ» (مۇمتەھىنە سۈرىسى 8 ـ ئايەت). (د.مۇستاپا سىبائى: ئىسلامدىكى تىنچلىق ۋە جەڭ تۈزۈمى، 11 ـ بەت).

دوكتور ئابدۇلكەرىم زەيدان جىزيە توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: جىزيە ئىسلام دىيارىدا ياشايدىغان باشقا دىندىكىلەردىن ھىمايە ياكى ئەسكەرلىك بەدىلى سۈپىتىدە ئېلىنىغان پۇل ئىدى. بۈگۈنكى دەۋردە مۇسۇلمان ۋە باشقىلار يۇرتلىرىنى مۇداپىئە قىلىشتا ئورتاق قاتناشماقتا، ئۇنداقتا ئۇلاردىن جىزيە ئېلىنمايدۇ. دېمەك، ئېتىبارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جىزيەنى چۈشۈرۈۋەتسە بولىدۇ،

تارىختا بۇنىڭ مىساللىرى بار. (د.ئابدۇلكەرىم زەيدان: ئىسلام دۆلىتىدىكى جىزىيە، 15 ـ بەت).

د.ۋەھبە زۇھەيلى، قانۇنشۇناس فەقىھ د.سەلىم ئەۋۋا، د.يۈسۈپ قەرزاۋى ۋە باشقا فۇقاھالارنىڭ سۆزلىرىنى خۇلاسىلىغاندا جىزىيە ھەربىي خىزمەت بەدىلى سۈپىتىدە ئېلىنغان تۆلەمدىن ئىبارەت. چۈنكى فۇقاھلارنىڭ كۆز ـ قارىشىدا باشقا دىنىدىكىلەر ئەسكەرلىككە قاتناشسا، جىزىيە ئەمەلدىن قالىدۇ.

# ئالتىنچى بۆلۈم

# سىياسىي ئىسلاھات يولىدىكى توسالغۇلار

## ھاكىملار ۋە بۇزغۇنچىلارغا ئالاقىدار توسالغۇلار

ھاكىملار ۋە ئاقساقاللارنىڭ خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك نوپۇزى بولىدۇ، ئۇلار كۈچ - قۇۋۋەت ۋە مال - دۇنيانىڭ كۆپلۈكىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ھوقۇقى، ئاچكۆزلۈكى ۋە شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، كىشىلەرگە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك شەكىل پەيدا قىلىدۇ ۋە كىشىلەرنى ئالداپ قۇرۇق ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم ھاكىم ۋە ئاقساقاللارنىڭ مەنسەپلىرىدىن ئەنسىرەپ ياكى مۇستەبىتلىك قىلىپ سىياسىي ئىسلاھات ئالدىدا توسالغۇ پەيدا قىلىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان.

### *1. مەنسەپنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەش*

مەنسەپنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەنسىرەش دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇلارنىڭ بىرى سانىلىدۇ. چۈنكى مەنسەپنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغان ئىنسان ئۇنىڭدىن ئاسان ۋاز كېچەلمەيدۇ. مەسىلەن، پىرئەۋن ۋە ئەتراپىدىكىلەر مۇسا ئەلەيھىسسالامغا : «ئۇلار:<سەن بىزگە ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن بىزنى ۋاز كەچتۈرۈش ۋە زېمىن (يەنى مىسىر زېمىنى)نىڭ سەلتەنىتىنى ئىككىڭلارنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن

كەلدىڭمۇ؟ بىز ئىككىڭلارغا ئىشەنمەيمىز > دېدى »(يۇنۇس سۈرىسى 78 ـ ئايەت). پىرئەۋنىنىڭ دېگەن بۇ سۆزىنى دەۋرلەر بويى ئىسراپخورلار دەپ كەلگەن بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ يولىدا ماڭىمىز دېگەن بۇ باھانىسى ئارقىلىق ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن مەنسەپكە ئامراق ھاكىملار، يۈزلۈكلەر ۋە بايلار ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەن، چۈنكى شارائىت ئۆزگەرمىسە، بۇلارغا كېلىدىغان پايدا توختاپ قالمايدۇ.

بۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلاھات دەۋىتىنى رەت قىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مەنسىپىنى ساقلاپ قېلىش ئىدى، شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بۇزغۇنچى دېگەن قالپاقنى كەيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولغان. مەنسەپ ئىگىلىرى مەنسەپلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى ئىسلاھاتچى ۋە خەلقپەرۋەر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ، ئىسلاھاتچىلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۆھمەت ۋە قالپاق كەيدۈرۈپ، ئۇلارنى يالغۇز قالدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ: «پىرئەۋن ئېيتتى: «مېنى قويۇۋېتىڭلار، مۇسانى ئۆلتۈرىمەن، مۇسا (ئۆزىنى مەندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن) پەرۋەردىگارىنى چاقىرسۇن، مەن ھەقىقەتەن مۇسانىڭ دىنىڭلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ياكى زېمىندا (يەنى دۆلەتتە) قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشىدىن قورقىمەن» (غافىر سۈرىسى 26 ـ ئايەت).

### 2. مۇستەبىتلىك ۋە تەكەببۇرلۇق

مۇستەبىتلىك، تەكەببۇرلۇق ۋە ھەددىدىن ئېشىش ھاكىملاردا تېپىلىپ قالسا، سىياسىي ئىسلاھات ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ. چۈنكى بۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى بىردىنبىر راست قىلىدۇ، ئۆزلىرىنى ئاقلايدۇ ۋە ھەقىقەتنى كۆرگىلى ئۇنىمايدۇ: «پىرئەۋن،

مەن سىلەرگە پەقەت ئىمىنى توغرا دەپ قارىسام، شۇنى مەسلىھەت بېرىمەن. سىلەرنى مەن پەقەت توغرا يولغا باشلايمەن» دېگەن (غاپىر سۈرىسى 29 ـ ئايەت).

بۇزغۇنچى ھاكىملار پاكىت ئالدىدا مات بولۇپ قالغاندا، پاكىت كۆرسىتەلمەي، تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىسلاھاتچىلارغا تەھدىت سېلىشقا باشلايدۇ: «شۇئەيب قەۋمىنىڭ (ئىماندىن باش تارتقان) تەكەببۇر چوڭلىرى:<ئى شۇئەيب! سېنى چوقۇم ئەگەشكۈچىلىرىڭ(يەنى ساڭا ئىمان ئېيتقانلار) بىلەن قوشۇپ شەھىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز، ياكى چوقۇم بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتىشىڭلار كېرەك> دېدى. شۇئەيب: <بىز (بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى) يامان كۆرىدىغان تۇرساق (بىزنى يەنىلا شۇنىڭغا مەجبۇر قىلامسىلەر؟>دېدى» (ئەئراف سۈرىسى 88 ـ ئايەت).

زالىم ۋە مۇستەبىتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ئىسلاھاتچىلار يۈرتلىرىغا سىغماي غېرىب بولۇپ قالغان ئەھۋاللار تارىختا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. قۇرئان كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان بۇ توسقۇنلۇقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىسلاھات يولىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش لازىم. چۈنكى مىللىتىمىز ۋە ئۈممىتىمىزگە كەلگەن بالايى ـ مۇسىبەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى مۇستەبىتلىكتىن كەلگەن، مۇستەبىتلىك ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەندۇر.

## خەلققە مۇناسىۋەتلىك توسالغۇلار

### *1. دۈشمەن ۋە بۇزغۇنچىلاردىن قورقۇش*

جانغا ئامراقلىق كىشىلەرنى دۈشمەن ۋە زالىملاردىن قورقىدىغان، ئۇلارغا قارشى تۇرمايدىغان ۋە ئۇلاردىن قاچىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەنلىكلىرى

ئۇچۇن ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقلىرىنى قوغداشقا، دۇشمەنگە بويسۇنماسلىققا چاقىرىۋاتقان ئىسلاھات سادالىرىنى پەسەيتىشكە ئۇرۇنىدۇ، بىر بۆلەك ئاڭسىز ۋە نادان ئىنسانلار سىياسىي ئىسلاھات بىزگە مۇسىبەت، خاپىلىق سۆرەپ كېلىدۇ ۋە كەلگۈسىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قاراپ قارشى تۇرىدۇ: «دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر قۇچسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن...» (مائىدە سۈرىسى 52 ـ ئايەت).

مۇناپىقلار ۋە قەلبىدە كېسەلى بارلار، كىشىلەر ئارىسىدا قورقۇنچ ۋە بۇزغۇنچىلىق تارقىتىشقا، بۇزغۇنچىلار ۋە دۈشمەنلەرنىڭ كۈچىنى چوڭ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئىمانى ئاجىز ۋە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشتىن ئەنسىرەيدىغان مۇسۇلمانلار مۇناپىقلار ۋە بۇزغۇنچىلارنىڭ يالغان سۆزلىرى بىلەن تەسىرلىنىپ قالىدۇ، نەتىجىدە قەلبىدە دۈشمەندىن قورقۇش ۋە ئەنسىرەش كېسىلى قوزغىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ كارۋىنىغا ئەگىشىپ، ئىسلاھاتچىلارغا قارشى تۇرۇشقا باشلايدۇ.

ئۆزلىرىنى زىيالىي دەپ چاغلايدىغان بەزىلەر دۈشمەن ۋە بۇزغۇنچىلارنىڭ كۆرسەتكەن ئۇسۇلىنى ھەل قىلىش چارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇنى تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماسلىقتەك ئەڭ ئاقىلانە ھەل قىلىش چارىسى دەپ قارايدۇ. ھازىرقى شارائىتنى ساقلاپ قالمىساق بولمايدۇ دەپ قاراش ئۈمىدىنى ئۆزگەنلەرنىڭ پىلانىدۇر، بىراق يۇقىرى سەۋىيىگە ئىنتىلىش بۆلارنىڭ نەزىرىدە ساراڭلىق، ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك ۋە ئەسەبىيلىك سانىلىدۇ.

دېمەك، قورقۇنچ پىسخىكىسى ئاجىز كىشىلەرگە جىق تەسىر

كۆرسىتىدۇ، گەرچە كىشىلەر ئىسلاھاتچىنىڭ ھەق ۋە توغرا سىياسىي ئىسلاھات يولىدا ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، بىراق زالىملارنىڭ كۈچى ئۇلارنى ئىسلاھاتچىلارغا ئەگىشىشتىن توسۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە زالىملارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ، خاپىلىقنىڭ كېلىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ خار ۋە بىچارە ھاياتقا رازى بولىدۇ: «مۇساغا پەقەت ئۆز قەۋمىدىن (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادىدىن) ئازغىنىسى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورققان ھالدا ئىمان ئېيتتى» (يۇنۇس سۈرىسى 83 - ئايەت).

خار ۋە بۇزغۇنچى ھاياتقا كۆنۈپ قالغان ئادەملەرنىڭ، مەسئۇلىيەتتىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ھاياتنى تاشلىمىقى تەسكە توختايدىكەن. ئەركىنلىك ۋە شەرەپلىك ھايات ئىزدىگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار بولۇپ، بۇلار قۇربان بولۇشتىن قورقمايدۇ. كۆپلىگەن خەلق مۇستەبىت زالىملاردىن خاپىلىق يېتىپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ قورقۇنچ ئىچىدە ياشايدۇ.

### 2. كونا ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئېسىلىۋېلىش

ئۆرپ - ئادەتنى باھانە قىلىپ ئىسلاھاتنى قوبۇل قىلماسلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئادىتىدۇر، ئۇلار بۇزغۇنچىلار توغرا تاپقان ئۆرپ - ئادەتكە قانائەتلىنىپ ئىسلاھاتچىلارغا قارشى تۇرۇشقا رازى: «شۇنىڭدەك سەندىن ئىلگىرى ھەر قاچان بىرەر شەھەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) ئەۋەتسەكلا، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: <بىز ھەقىقەتەن ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى بىلىمىز، شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزلىرىدىن ماڭىمىز> - دېيىشتى» (زۇخرۇف سۈرىسى 23 - ئايەت). بۇ بىر ئىلاھىي قانۇنىيەت بولۇپ، دەۋرلەر بويى جارى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇزغۇنچىلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى شۇلار سىزىپ

بەرگەن سىزنىق بويىچە ماڭىدۇ، پاكىتسىز ئۇلارنى دوراپ ماڭىدۇ ۋە بۇ يولنى ئىسلاھاتچىلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالىدۇ.

دېمەك، زالىملار مۇستەملىكە ۋە خورلۇققا قارشى تۇرمايدىغان شەكىلدىكى تەقلىدى دىندارلىققا قارشى تۇرمايدۇ، بىراق ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق ھەرىكەتلىرىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. رېئاللىق ئورتىدا ئاشكارا تۇرۇپتۇ.

### 3. پەرۋاسىزلىق ۋە خورلۇقنىڭ داۋام قىلىشى

كەلگۈسىگە كۆز تىكىش ۋە شەرەپلىك بىر ھاياتقا ئىنتىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەمگە زور كۈچ بېغىشلايدۇ. ئىنسان خارلىق ۋە ئاجىزلىققا كۆنۈپ قالغان بولسا، ئۇنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ كېتىدۇ. پىرئەۋننىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشىغان يەھۇدىلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ، خور ھاياتقا كۆنۈپ قالغان ۋە پۈتۈن پەرمانلىرىغا بويسۇنغان. شۇ سەۋەبتىن بۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلاھات يولىغا ئەگىشىشى تەسكە توختىغان ۋە بىر بۆلىكى يەنىلا پىرئەۋنگە ئىتائەت قالغان: «پىرئەۋن قەۋمىنى كۆزگە ئىلمىدى، قەۋمى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىۋەردى، ئۇلار ھەقىقەتەن پاسىق قەۋم ئىدى» (زۇخرۇف سۈرىسى 54 ـ ئايەت). بۇلار قانچىلىك بەدەل تۆلىسە تۆلەپ، ئابرويى دەپسەندە قىلىنىسىمۇ، زۇلۇم قىلىنىسىمۇ، مال ـ مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىنىسىمۇ ۋە ئەركەكلىرى ئۆلتۈرۈلسىمۇ ھايات قېلىش ئۈچۈن خورلۇق ۋە بىچارىلىق ھاياتىنى تاللىغان. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىل كۆنۈپ قالغان بۇ خورلۇق ھاياتى ئىسلاھاتقا كۆپ توسالغۇ بولغان.

خەلق ۋە مىللەتنىڭ ئەقلىنى يۇيۇۋېتىش ۋە ئىدىيىسىنى بۇلغاش

مەھكۇملۇق ۋە خورلۇق ھاياتقا يول ئاچىدۇ، ھەتتا ئازغۇنلۇقنىمۇ قوبۇل قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. سەۋەبى پاسىقلىق، ئەقىلسىزلىق ۋە خاراكتېرىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدۇر.

ئەقلى يۇيۇۋېتىلگەن ۋە ئىدىيىسى بۇلغانغان خەلق ياكى مىللەت ۋەيران بولسىمۇ شەخسى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىسلاھاتچىلارغا ئاۋاز قوشقاندىن بەكرەك زالىملارغا باش ئېگىدۇ، شۇڭا خورلۇق ھاياتقا كۆنۈپ قالىدۇ، خورلۇق ھايات ئۇلارنى ئەقلى بىلەن تەپەككۇر قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ. شۇ سەۋەبتىن زالىملار خەلقنىڭ ئەقلىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، خەلقنى بارلىق بىلىم ـ مەرىپەت يوللىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، ھەقىقەتلەرنى يوشۇرۇپ ئۇنتۇلدۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزىگە مۇناسىپ شەكىلدە ياساپ چىقىدۇ. خەلق پاسىقلىشىپ، توغرا يولدىن چەتنىسە زالىملارنىڭ بۇنى قىلىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. زالىملار، ئىسلاھاتچى ئالىم ـ ئۆلىمالىرىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ئىمانى كۈچلۈك، ئەخلاقلىق ۋە ئىدىيىسى ساغلام مۆمىنلەرنى ئالدىيالمايدۇ، ئۇلارنى يەڭگىل سانىيالمايدۇ ۋە خار ھاياتقا ئاسان باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. پاسىقلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە تۈرلۈك گۇناھلار خار ھاياتقا قېلىشنىڭ سەۋەبىدۇر.

دېمەك، پەرۋاسىزلىق، ئاجىزلىق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەركىنلىكنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، ئەركىنلىككە سەل قارىغانلار نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. دۈشمەن كۈچلۈك، بىز ئاجىز دەپ خورلۇققا كۆنۈپ قالسا، بۇ باھانە ئېتىبارغا ئىگە ئەمەس. ئەركىنلىك يولىنى تاللىغانلار خورلۇق ھاياتنى تاللىغاندىن كۆرە تۈرلۈك قوربانلىقلارنى بېرىدۇ.

### 4. تەمەخورلۇق

مال ـ دۇنيا تەمەخورلۇقى سىياسىي ئىسلاھات يولىدىكى ئېغىر توسالغۇلارنىڭ بىرى، چۈنكى ئىنسان تەبىئىيتى مال ـ دۇنيانى ياخشى كۆرىدۇ. بۇزغۇنچىلىق يوللىرى مال ـ دۇنيا بىلەن بېزەلگەندە، كۆپلىگەن كىشىلەر بۇزغۇنچىلارنىڭ يولىدا داۋام ئېتىدۇ: «نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! ئۇلار ھەقىقەتەن ماڭا ئاسىيلىق قىلدى، مېلىغا، بالىسىغا ۋە ئۆزلىرىگە زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمىغان كىشىلەرگە (يەنى بايلىرىغا، كاتتىۋاشلىرىغا) ئەگەشتى» (نۇھ سۈرىسى 21 ـ ئايەت). ئۇلار مال ـ دۇنيانى دەپ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان ۋە پۇلدار ھاكىملارغا ئەگەشكەن. سىياسىي ئىسلاھاتنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ئۈچۈن خەلق ياكى مىللەتنىڭ بۇ توسالغۇلاردىن قۇتۇلۇشى لازىم. بىلىملىك، تەجرىبىلىك، كۈچلۈك ۋە ئىشەنچلىك يېتەكچىلەرنى تاللاش ۋە ياردەم بېرىش كىشىلەرنىڭ بوينىغا چۈشىدىغان مەسئۇلىيەت. بىراق كىشىلەر بۇزغۇنچى ياكى مۇناپىق ياكى بىلىمسىزنىڭ ھوقۇق بېشىغا چىقىشىغا رۇخسەت قىلسا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بەك قىيىنغا توختايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ بايانىدا بۇزغۇنچىلارنىڭ ھوقۇق بېشىدا داۋاملىششىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى خەلقنىڭ رازىلىقىدۇر: «خەلقىنى كۆزگە ئىلمىسىمۇ، ئىتائەت قىلىۋەردى، ئۇلار پاسىق مىللەت ئىدى» (زۇخرۇف سۈرىسى 54 ـ ئايەت).

قەيسەرلىك ۋە دۈشمەنلەردىن قورقماسلىق ئىسلاھات يولىدىكى كۈچلۈك بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىمانى ۋە ئەخلاقىنى سېتىۋالىدىغان زالىملارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن يىراق تۇرۇش، زالىملارغا ئۇرۇلغان تەستەك سانىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم خورلۇق، ئاجىزلىقنى رەت قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلىققا

قارشى قوزغالغان مىللەتلەرنىڭ مىساللىرىنى كەلتۈرگەن. مەسىلەن، ئەسھاب ئۇخدۇد «ئورەككە تىرىك كۆمۈۋېتىلگەنلەر» زالىم جاللاتنىڭ كارۋىنىغا ئەگەشمەستىن، قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ قويغان ئىسلاھاتچى بالىنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلىكى توغرىسىدا قىسسىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن. ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى» (بۇرۇج سۈرىسى 4 ـ 8 ـ ئايەتلەر).

ئىسلاھات يېتەكچىلىرى قۇربانلىق بەرسە، زاھىد بولسا ۋە دەۋەت يولىدا ھېچ نەرسىسىنى ئايىمىسا، ئۇ چاغدا كىشىلەر تەسىرلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى تاغدىن مۇستەھكەم كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئايلىنىدۇ.

## أهم المراجع:

١ - التفسير الموضوعي - د. مصطفى مسلم
٢ - التفسير المنير – د. وهبة الزحيلى
٣ - التحرير والتنوير - طاهر بن عاشور
٤ - الإصلاح والإفساد فى القرآن - د. توفيق علي
٥ - فى النظام السياسى الإسلامي - د.محمد سليم العوا
٦ - الفقه السياسي الإسلامي –د. خالد الفهداوى
٧ - مقاصد القرآن من تشريع الأحكام - د. عبدالكريم حامدي
٨ - من فقه الدولة فى الإسلام - د. يوسف القرضاوى
٩ - الدين والسياسة - د. يوسف القرضاوى
١٠ - القيم السياسية العالمية فى الخطاب القرآنى - د. مصطفى العلوانى
١١ - القيم السياسية فى القرآن - د. إسماعيل عبدالفتاح
١٢ - النظام السياسي فى ضوء القرآن - محمد الفاروق الهباش
١٣ - منهج القرآن فى إصلاح المجتمع - د. محمد السيد يوسف
١٤ - الإصلاح فى القرآن الكريم - فايزة عدلي
١٥ - فى الفقه السياسي الإسلامي مبادى دستورية - د. فريد عبدالخالق
١٦ - الإصلاح السياسي فى الفكر الإسلامي - محمد أبو رمان
١٧ - تجديد الفقه السياسي فى المجتمع الإسلامي - د.أحمد سعد الغامدى
١٨ - مقاربات فى السياسة الشرعية - د.عبدالكريم بكار
١٩ - الفكر الإسلامى وقضايانا السياسية - د. أحمد الريسونى
٢٠ - فقه الإصلاح والتغيير السياسي - أديب فائز
٢١ - الأبعاد السياسية لمفهوم الحاكمية - د. هشام جعفر
٢٢ - أصول الفكر االسياسى فى القرآن - د. التيجاني عبدالقادر
٢٣ - الحرية الدينية ومقاصدها فى الإسلام - د. وصفى أبوزيد
٢٤ - البوصلة القرآنية - د. أحمد العمري

٢٥ - القرآن الكريم ومقومات النهضة - مجموعة مؤلفين
٢٦ - الإصلاح والتغيير السياسي فى ضوء نظام الحكم - د. أنس عزالدين
٢٧ - العلاقات الدولية فى الإسلام - د. نادية مصطفى
٢٨ - الخطاب السياسي فى القرآن - د. عبدالرحمن الحاج
٢٩ - الإعجاز القرآني فى التشريع الإسلامي - د. محمد الزحيلي
٣٠ - الحاكمية والهيمنة - د. طه جابر العلوانى
٣١ - الهداية القرآنية - الشيخ السيد محمد الندوى
٣١ - تهذيب فقه الجهاد - الشيخ القرضاوى
٣٢ - الأزمة الدستورية فى الحضارة الإسلامية - د.محمد مختار الشنقيطى